# شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر

# 新疆文史



2

2000

ش.ئۇ.ئا.ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى
تارىخي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتى ئىلمىي ژۇرنىلى



مىستىن ياسالغان
بوتسانۋا
(سۇي تاڭ دەۋرى)



تۇرپاندىكى سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى



قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇلغان
كۇماراجىۋانىڭ مىس ھەيكىلى



قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى (سوڭ دەۋرى)

باش مۇھەررىر:
ئابدۇكېرىم رەھمان

2

2000

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:
ئەركىن ئىمىر باقى
مۇئاۋىن مۇدىر: ئابلىز مۇسا

## مۇندەرىجە

### تارىختىن تامچە

بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلگەن «كوسناگارا» قەدىمكى
شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى ئورنى توغرىسىدا.................. نىزامىدىن توختى 1
مايتاغدىن ئېتىلغان بەش پاي ئوق ئاۋازى .............. ئەخمەتجان مۇھەممىدى 7
XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى ۋە تارىخشۇناسلىقى ...... گۈلنار ئېزىز 15

### تۆھپىكارلىرىمىز سەھنىسى

ئىلمىزدە موللا مۇسا سايرامى تەتقىقاتى .................. غەيرەتجان ئوسمان 20
قابىل تەشكىلاتچى، تۆھپىكار ئالىم ........................ ئابلىمىت ئەھەد، دولقۇن ئابدۇللا 24

### مۇھاكىمە سورۇنى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئىككى مەسىلە .................. قۇربان تۇران 28
XIX ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى شائىرەلەر ...... ھاجىگۈل ئوسمان، ئايگۈل ئوسمان 31

### ئەنئەنىۋى بايراملار ۋە سەيلىگاھلار

تاتار خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى — سابان تويى...... ئىلشات دولات 34
مۇقەددەس قەبرىگاھ - تەۋەرۈك سەيلىگاھ .................. مۇھەممەت مۇسا 38

### ماتېرىيال ساندۇقى

قەدىرلىك بۇرادىرىم ئا. ئۆتكۈرگە .......................... تېيىپجان ھادى 41
ئوسمان ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىرى ........ ئا. رەھمان تەييارلىغان 37
چوقان ۋەلىخانوف ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭ تەتقىقاتى ........ پەخرىدىن ھىسامىدىن 44

### ھېكمەت خەزىنىسى

ماقال - تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر ........ ئا. رەھمان تەييارلىغان 46,33,27,14

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە گۈللىنىۋاتقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: (ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇكېرىم رەھمان، ئابلىز مۇسا، خەمىت تۆمۈر، شاكەن ئوڭالبايوف،
لى جىڭشى، ئىمىن تۇرسۇن، غەيرەتجان ئوسمان
كوررېكتور: غەيرەتجان ئوسمان

主编：
阿布都克力木·热合曼

新疆文史
2000年第2期
(季刊)

编委会主任：
艾尔肯·艾米尔巴克
副主任：阿布力孜·木沙

# 目录

佛教创造者释迦牟尼火葬户体的"库斯那加拉"古城 …… 尼扎米丁·托合提 1
独山子射的五子弹声音 …… 艾合买提江·穆罕木德 7
十九世纪的维吾尔传记家和历史学家 …… 古丽那儿·艾孜孜 15
我国的毛拉木沙·萨依拉米研究简况 …… 海热提江·乌斯曼 20
有能力的组织者，有功劳的学者 …… 阿布力米提，多力坤 24
"突厥语大词典"的两个问题 …… 库尔班·突郎 28
十九世纪的维吾尔几位女诗人 …… 阿吉古丽，阿依古丽 31
塔塔儿族传统民族节日"犁土节" …… 伊力夏提·多拉提 34
神圣的陵园—遗物的游览 …… 穆罕默德·木沙 38
给尊敬A·乌提库尔先生的信 …… T·哈德 41
奥斯曼帝国及其国王 …… A·热合曼 编 37
乔汉·瓦里汉诺夫及其新疆研究 …… 帕哈尔丁·伊沙米丁 44

新疆维吾尔自治区人民政府 文史馆
参事室

# بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلگەن «كوسناگارا» قەدىمىي شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى ئورنى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم

نىزامىدىن توختى

بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى گاۋتاما سىددادتا (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 563 ـ 483 ـ يىلى ئۆتكەن) بولۇپ، ئۇ ھىندىستان بىلەن نېپال چېگراسىدىكى ساكيا قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى ئىكەن. گاۋتاما سىددادتا 29 ياشلارغا يەتكەندە تائەت ـ ئىبادەتكە چۈشۈپ، 7 يىلدا بۇدداھ دەرىجىسىگە يېتىپ «ساكيامۇنى» دەپ ئاتالغان.

«ساكيامۇنى» ھازىرقى تىلىمىزدا، ساكيا قەبىلىسىنىڭ زاھىدى ـ ئەۋلىياسى دېگەن مەنىدە.

تارىختىن بىزگە ئايانكى، ساكيامۇنى ياشىغان ئەينى چاغلاردا بۈگۈنكى «ئوتتۇرا ئاسىيا» دېيىلگەن كەڭ تېررىتورىيە ئىچىدىكى جايلارغا خېلى كەڭ تارقالغان ساكلارنىڭ بىر تارمىقى، بۈگۈنكى نېپال، كەشمىر، خوتەن، پامىر تېغى ئېتەكلىرى قاتارلىق جايلاردا ماكانلىشىپ ياشىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەردە، يەر يۈزى، يەر ئاستىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىكى ئورتاقلىق بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. خوتەن رايونىدىكى سانپۇلا قەدىمىي قەبرىستانلىقى قاتارلىقلاردىن ئۇچۇرۇتۇلغان پاكىتلار يەنى — ئۈچلۈق كىگىز قالپاقلارنىڭ تېپىلىشى «ئۈچلۈق قالپاق كەيگەن ساكلارنى»، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تېپىلىشى «ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دورا ئۆسۈملۈكىنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان ساكلارنى» ئەسلىتىدۇ.①

دېمەك، بۈگۈنكى خوتەنلىكلەرنىڭ يىراق ئەجدادى ئاشۇ ساكلارغا باغلىنىدۇ. شۇڭا، ئەينى چاغدىكى جۇغراپىيىۋى جايلىشىش شارائىتى، قەبىلە ـ ئىرقلارنىڭ ماكانلىشىشى قاتارلىقلاردىن قارىغاندا، ساكيامۇنى 40 نەچچە يىل جايلارنى ئايلىنىپ دىن تارقاتقاندا، قەدىمىي خوتەنگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

دۇنيا ئېتىراپ قىلغان نادىر ئەسەر «شاھنامە» داستانىدا، قەدىمىي خوتەن ۋەقەلىكلىرى خېلى كەڭ سۆزلەنگەن بولۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان «شاھنامە» نىڭ نەشرى باسما نۇسخا 61 ـ بېتىدە، ئەينى چاغدىكى ئىرانلار پالۋانى سامىنىڭ خوتەندىكى ۋەقەسىدە تۆۋەندىكى بايانلار بار: «... پىرىندەخىت (خوتەن پادىشاھىنىڭ قىزى) قول ئۇزارتىپ پالۋان قولىدىكى خەنجەرنى ئېلىپ يىراق تاشلىدى

…… گۇمان قىلدىلەركىم، خاقانى چىن (خوتەن پادىشاھى) بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاپ لەشكەر ئەۋەرگەندۇر دىدىلەر. پالۋان ھەر تەرەپكە باقتى، كۆردىلەركىم، باغنىڭ تاش يانىدا بىر بۇتخانا بار ئىدى. ئۇل بۇتخانا سارى راۋان بولدى. كۆردىكىم، ناھايىتى بەلەند چىقارغا يولى بار. ئۇل فىلىتىيىن ھەر ئىككى ئاتنى بۇتخانا ئىچىگە باغلاپ ئىشىكىگە ئىككى - ئۈچ پاتمان تاختا سىڭى بار ئىدى، ئۇل تاشنى بۇتخانا ئىشىكىگە يۆلەپ قويدى. ئۆزى پەرىدەخىت بىلەن بۇتخانا تېمىغا چىقىپ ئوقيالىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئىدىلەر …» قاتارلىقلار.

«شاھنامە» دە خاتىرىلەنگەن تۇرانلار (ئەينى چاغدىكى خوتەنمۇ تۇران ئېلىگە تەۋە بىر ئەل ئىدى) بىلەن ئىرانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلىكلەر، مىلادىدىن بۇرۇنقى 529 - يىللاردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 - يىللارغا قەدەر داۋاملاشقان ئۇرۇش ۋەقەلىكلىرى[2] نىڭ قەدىمىي خوتەنگە ئالاقىدار قىسمىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر بۆلۈكى. روشەنكى، ئەنە شۇ دەۋردە خوتەندە مەخسۇس سېلىنغان بۇتخانىلار بولغانىكەن. گەرچە پالۋان سام، مەلىكە پىرىدەخىت قاتارلىقلارنىڭ ئاتلىرىنى بۇتخانا ئىچىگە باغلاپ قويغانلىقىدىن قارىغاندا مەزكۇر بۇتخانىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىق ئېھتىمالى بولغان ھالەتتىمۇ، خوتەندە بار بولغان ئاشۇ بۇتخانىلارنىڭ سېلىنغان ۋاقتىنىڭ خېلى ئىلگىرىلىكى بىلەن ئۇنىڭ تائەت - ئىبادەتتە ئىشلىتىلگەنلىكىدە شەك يوق.

«شاھنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى چاغلاردا ئىرانلار ئاتەش (ئوتقا چوقۇنۇش) دىنىدا بولۇپ، بۇددا دىنىغا قارشى ئىكەن، دېمەك، قەدىمىي خوتەن تىلىغا ئېلىنغان بۇ ۋەقەلىكنىڭ دەۋرى ساكيامۇنى ياشىغان دەۋرگە يېقىنلىشىدۇ.

تىبەتچە يازما تارىخىي ماتېرىيال «كاپگۇر» دىكى «ساكيامۇنى ھايات چېغىدا تالىپلىرىنى باشلاپ لىيال (قەدىمىي خوتەن) غا كەپتۇ … شۇندىن كېيىن ساكيامۇنى گورسىرىنگا تېغىنىڭ يېنىدىكى ئىبادەتخانىدا جانلىقلارغا بەخت تىلەپ يەتتە كۈن تۇرۇپتۇ. ھازىرمۇ ئۇ يەردە كىچىك بىر بۇددا مۇنارى بار ئىكەن …»[3] قاتارلىق بايانلارنىڭ بەزىلىرى رىۋايەت تۈسىدە بولسىمۇ، بۇلارنى خوتەندىكى بەزى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

«كاپگۇر» دا تىلغا ئېلىنغان، ساكيامۇنى خوتەنگە كەلگەندە تۇرغان ئىبادەتخانا يېنىدىكى «گوسرىنگا» تېغى، بۈگۈنكى خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىۋاتقان مىلىك ئاۋات قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى باغرىغا ئېلىپ تۇرغان قۇرۇم تېغىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكى، مىلىك ئاۋات قەدىمىي شەھىرىدىكى بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدا ھەقىقەتەن تاش مۇنارنىڭ (ھازىر قالدۇقى بولمىسىمۇ) بارلىقىنى يازما تارىخىي ماتېرىياللار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.[4]

ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس E. R ئىمىرويىك يازغان «قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ھۆججەتلىرى تەتقىقاتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن ئەسىرىدە:

«ھەممىگە ئايانكى، ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتـ
قان ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا،
ئۇدۇن (خوتەن) رايونى» بۇددا دىنىنىڭ
تارقىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىـ
غان. ۋەھالەنكى، تاكى بۈگۈنگىچە بۇددا-
شۇناسلىرىمىز بۇنداق مۇھىملىقنى تېخىچە
ئوبدانراق مۆلچەرلەپ كۆرەيلى دېيىشمىگە-
نىدى. پەقەت تىلشۇناسلىرىمىزلا بۇ ھۆج-
جەتلەرنى تەتقىق قىلدى. بىراق ئۇلارنىڭ
كۆڭۈل بۆلگىنى ئاساسەن تەرجىمە ئىزا-
ھاتلىرىغا ئائىت مەسىلىلەر بولدى» قاتار-
لىقلارنى تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا بايان
قىلىدۇ⑤.

خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردىكى
فاشيەننىڭ مىلادى 475 - يىلى خوتەننى
كۆرۈپ خاتىرە قالدۇرغىنىدەك ئەينى چاغ-
دىكى خوتەندە بار بولغان نوپۇسقا قارىغان-
دا، خوتەندىكى ھەشەمەتلىك بۇددا ئىبادەت-
خانىلار بىلەن بۇددا راھىبلىرى سانىنىڭ
كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دە-
رىجىدە بولغانىكەن. ھەتتا، ھەربىر ئاۋام
پۇقرا ئۆز ئۆيى ئىشىكى ئالدىغا بۇت تەك-
چىسى ياساپ بۇت ھەيكىلى قويۇش دەرىجە-
سىگە يەتكەن. ھەرقايسى بۇددا ئىبادەتخا-
نىلىرىدا، ئالتۇن ھەل بىلەن سىرلانغان
بۇتلار بولۇپلا قالماستىن، بۇددا ئىبادەتخا-
نىلىرى ناھايىتى كۆركەم، ئازادە بولۇپ،
ئىشىك، دېرىزە، لىم، تۈۋرۈكلەرمۇ ئال-
تۇن ھەل بىلەن سىرلانغان. ئەينى چاغدا
فاشيەن خوتەنگە كېلىپ يىلدا بىر قېتىم
ئۆتكۈزۈلىدىغا چوڭ بۇت سەيلىسى پائالى-
يىتىگە قاتناشقاندا، مەخسۇس كۆرۈپ خا-
تىرە قالدۇرغان «ۋاڭ شىن» ئىبادەتخانى-
سى، بۈگۈنكى قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا
دائىرىسىدىكى قۇم رابات قەدىمىي بۇتخانا
خارابىسى ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە
مۆلچەرلەندى.⑥

قەدىمدە غەرب (گۇما ناھىيىسى تە-
رەپ) تەرەپتىن خوتەنگە كىرىدىغان چوڭ
يول بۈگۈنكى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ چەت
قۇملۇقتا تۇتاش يېزىسى زاۋىغا كىرىش ئې-
غىزىدا قۇملۇق ئېغىزىدىن ئۆتىدىكەن.
شۇڭا بۇ جاي قەدىمدىن تاكى ھازىرغىچە
«قۇم رابات» (قۇملۇق ئېغىز) دەپ ئاتى-
لىپ، يەرلىك خەلق ھېلھەم قىسقارتىپ
ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئادىتى بويىچە «قۇمات»
دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

فاشيەن خوتەندە بۇت سەيلىسىگە قات-
نىشىپ خاتىرىگە ئالغان «گۇماتى» ئىبا-
دەتخانىسى، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىز-
دەك، بۈگۈنكى قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا
دائىرىسى قۇملۇق ئېغىزىغا يېقىن جايدىكى
قۇمات ئىبادەتخانىسىنىڭ خەنزۇچە تەلەپ-
پۇز بىلەن ئېيتىلىپ يېزىلىشى خالاس.

قىسقىسى، بۇددا دىنى ئەينى چاغدىكى
خوتەندە ناھايىتى مۇستەھكەم يىلتىز تارت-
قان، بۇددا ئىبادەتخانىلاردا ساقلانغان ئەس-
لىي نوم، سوتىرالار مۇكەممەل، بۇددا دى-
نى دەستۇر، ئەھكاملىرىدىن دەرس سۆز-
لەيدىغان كامالەتكە يەتكەن پىر - ئۇستاز-
لار، راھىب كالانلار، دىنى ئەقىدىسى
كۈچلۈك بولغان تەرجىمانلار كۆپ بولغاچ-
قا، قەدىمىي خوتەن تىل - يېزىقىدىكى
بۇددا دىنىغا ئائىت قەدىمىي ھۆججەت ماتې-
رىياللارنىڭ بۈگۈنكى زامانىمىزغىچە يې-
تىپ كېلىپ خوتەندىن باشقا ھەرقايسى
جايلاردا ساقلىنىپ قېلىشى ھېچ ئەجەبلى-
نەرلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە.

مىلادى X ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى-
دىن باشلاپ قەشقەر - ماۋرائۇننەھىر ئىس-
لام دىنى غازاتچىلىرى (قاراخانىلار قوشۇ-
نى) نىڭ خوتەن بۇددىست خانلىقىنى بوي-
سۇندۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان 40 يىلغا
يېقىن سوزۇلغان ھايات ماماتلىق ئېلىشى-

شى[7]، خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى كۈچلۈك دىنى ئەقىدىسى بىلەن مۇستەھكەم ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىغا شاھىت بولۇپ تۇرۇپتۇ.

X ئەسىردىكى يىتۈك ئالىم، ئاتاغلىق تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللا دىۋانى» دا خوتەنلىكلەرنىڭ تىلى بىرخىل بۇزۇلغان تۈركىي تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. مىلادى XI ئەسىرلەردىمۇ تېخى خوتەن ئاھالىلىرىنىڭ تىل شىۋىسىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك خۇددى «ئىبراھىم موتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» دا بايان قىلىنغان «مىلادى V ئەسىردىن ئېتىۋارەن شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمىي خوتەن (ساك) سوغدى ۋە قەدىمىي كۇچا تىللىرى تۈركىي تىللارغا سىڭىپ كېتىشكە باشلىدى. X ئەسىرلەر ئۆپچۆرىسىگە كەلگەندە، بۇ خەلقلەرنىڭ تۈركلىشىش جەريانى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى» دىكى «ئاساسىي جەھەتتىن» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە.

1892 - يىلى فرانسىيىلىك دې رىنس قاتارلىقلار خوتەنگە كېلىپ، يەرلىك يېزا ئاھالىلىرى قولىدىن خەنزۇچە، قارۇشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن بىرمۇنچە مىتال پۇل ۋە «دارماپادا سوترا» نىڭ ئۈچ ۋارىقىنى، پارچە يىرتىق ۋاراقلىرىدىن بىر قانچىسىنى سېتىۋالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سېتىۋېلىنغان ئاشۇ بۇيۇملارمۇ كوھمارىم تېغى (مىلىك ئاۋات قەدىمىي شەھىرىنى باغرىغا ئېلىپ تۇرغان گوسرىڭگا تېغىنىڭ غەربكە سوزۇلۇپ قاراقاش دەرياسىغا تۇتاشقان بېشىدا بىر غار بولۇپ، كوھمارىم غارى دەپ ئاتىلىدۇ) دا بىر ئىبادەتخانا خارابىسىدىن ئۇچرىتىلغان ئىكەن.[8]

تىبەتچە يازما تارىخىي ماتېرىيال «كاپگۇر» دىكى «... دىروگو بىلەن ئانۇس قوشۇن باشلاپ لىيال (ئۇدۇن) غا بېسىپ كىرىپ گوسرىڭگا تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى (جەنۇب تەرەپ ھەممىسى تاغ) بۇتخانىلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان ...» قاتارلىق بايانلارنى فرانسىيىلىك دې رىنسنىڭ بۇنىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، بۈگۈنكى خوتەن بوستانلىقىنى ئوراپ تۇرغان قۇرۇم (گوسرىڭگا) تېغى باغرىغا جايلاشقان مىلىك ئاۋات قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىكى تاش مۇنارلىق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدىن باشقا، جەنۇب تەرەپ تاغ ئارىسى جىلغىلاردا ئەينى زاماندا خوتەن بۇددىست خانلىقىنىڭ كىتاب، نوم - سوتىرالار ساقلىنىدىغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بولغانلىقى ئەمەلىيەت.

دېمەك، قەدىمىي خوتەن بۇددا دىنى مەيدانىغا كەلگەن ئەسلىي ماكان بىلەن بىۋاسىتە چېگرىداش بولۇش ئەۋزەللىكى بىلەن ساكيامۇنىنىڭ پارى قەدىمىي يەتكەن مۇھىم جاي بولۇشى، ساكيامۇنىنىڭ خوتەنگە كەلگەنلىكى ھەتتا، ساكيامۇنى «80 يېشىدا خوتەنگە كەلگەن» دە خوتەندە ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكى قاتارلىقلار بىزنىڭ تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ (بەزى ماتېرىياللاردا، ساكيامۇنى ئۆلۈپ جەسىتى كۆيدۈرۈلگەن «كوسناگارا» قەدىمىي شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى ئورنى ھىندىستان تەۋەسىدىكى «جاسا» شەھىرىگە توغرا كېلىدۇ دېيىلگەن بولسىمۇ، بۇمۇ بىرخىل قاراشتىنلا ئىبارەت بولۇپ ئۇ تېخىمۇ قايىل قىلارلىق پاكىتلارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ).

خوتەن رايونىدىكى قەدىمىي قەبرە ۋە بۇددا خارابە ئىزلىرىدىن تېپىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت سۈرەتلەر ئىچىدە، «سەككىز ئەلنىڭ شاھلىرى سارىيىدا (جەسەت كۆلى قۇتىسى) تەقسىم قىلىشىۋاتقان سۈرەت»

خېلى كونكرېت مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ساكىيامۇنىنىڭ تاۋۇتى كوسناگارا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگەندە، كۆلىنى بۆلۈشۈش ئۈچۈن چېگرىداش سەككىز ئەل شاھلىرىنىڭ كوسناگارا شەھىرىگە پىل ۋە ئاتلىق قوشۇن، هارۋىلىق، پىيادىلىك قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەلچى رەت قىلىنغاچقا، ئەسكەرلەر ئۆزئارا تىغ كۆتۈرۈشكەنلىكى، بۇ چاغدا كوسناگارا شەھىرىدە تورونا ئىسىملىك بىر بىراخمان بولۇپ، جەسەت كۆلىنى تەڭ تەقسىم قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى تەسۋىرلەنگەن⑨. مۇشۇنداق چوڭ تارىخىي ۋەقە تەسۋىرلەنگەن قەدىمىي سۈرەت خوتەندىن تېپىلغان. يەنە كېلىپ خوتەندىكى مىلىك ئاۋات قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى باغرىغا ئېلىپ تۇرغان تاغنىڭ قەدىمىي نامى «گوسرىنگا» بىلەن ساكىيامۇنىنىڭ جەسەتى كۆيدۈرۈلۈپ جەسەت كۆلى تەقسىم قىلىنغان قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى «كوسناگارا» ناھايىتى يېقىن ئاھاڭداش بولۇپ، ئەسلىي بىر مەنبە بولسا كېرەك.

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇددىزىم تارىخىي رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ساكىيامۇنى 80 ياشقا كىرگەندە كوسناگارا شەھىرىدە سالا دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئۆلگەن. تىبەتچە تارىخىي ماتېرىيال — «كاپگۇر» دىكى «… ۋىجايا سامبىخاۋا زامادىكى تەسالا دەرىخى ئاستىغا كەلگەن ۋە مۇشۇ جايدا ماكانلىشىپ، غايەت زور زاما ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان … لىيال (خوتەن) غا بۇددا دىنى ئەڭ دەسلەپ مۇشۇ جايدىن تارقالغاندى …»⑩ قاتارلىق باياندىكى «زاما ئىبادەتخانىسى»، بۈگۈنكى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزا دائىرىسىدىكى قۇم رابات (يەرلىك خەلق تىلىدا - قۇمات، خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى - گۇماتى) قەدىمىي بۇتخانا خارابىسى بولۇپ، بۇ باياندىكى «زاما ئىبادەتخانىسى» سېلىنغان جايدىكى دەرەخ نامى «تىسالا» بىلەن ساكىيامۇنى جان ئۈزگەن جايدىكى دەرەخ نامى «سالا» يەنىلا يېقىن مەنىداش ئاتالغۇ بولۇپ، بىر سۆزنىڭ ئىككى خىل تىلدىكى تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن.

مىلادى 475 - يىلى فاشيەن ئۇدۇنغا كەلگەندە، ئۇدۇندىن «لىنخۇا چەچەك ئۇزەكى ئېتىكى يارا تېغى دىۋادائىتا ئاتلىق نوم بېتىگ» ۋە «بۇدساتۋانىڭ تۆۋە قىلىپ گۇناھتىن پارىغ بولۇش ئەپسۇن سوترىسى» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ بىردىن جىلدى ۋە بۇددانىڭ چىشىدىن بىرتال، سارىرادىن 15 دانە ئېلىپ قايتقان. بۇددانىڭ شۇ چىشى هازىر بېيجىڭنىڭ شىسەن تېغىدىكى لىڭۋاڭ ئىبادەتخانىسىدا ساقلىنىپ بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ ئەنگۈشتىرى بولۇپ قالغان⑪.

فاشيەن خوتەنگە كەلگەن بۇ چاغدا، ساكىيامۇنى ئالەمدىن ئۆتكىلى تەخمىنەن (958 = 475 + 483) 958 يىل بولغاندىكەن. خوتەن بۇددىستلىرى مىڭ يىلغا يېقىن تۇتىيا - ئەنگۈشتەر بىلىپ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇددانىڭ چىشى ۋە سارىراسىدىن (جەسەت كۆلى) بىر قىسمىنىڭ فاشيەنگە بېرىلگەنلىكى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش ھەقىقەتەن راس دەپ قارالغاندا، ساكىيامۇنى ئالەمدىن ئۆتۈپ ئاشۇ فاشيەن خوتەنگە كەلگەن ۋاقىتقا قەدەر بۇددانىڭ چىشى ۋە جەسەت كۆلىدىن خوتەن بۇددىسىت خانلىقىدا قوشنا ئەللەرگە بەرگۈدەك دەرىجىدە ساقلانغان بولىدۇ.

ئەينى چاغدا ساكىيامۇنى جەسىتى كۆيدۈرۈلگەن كوسناگارا شەھىرىدە، چېگرىداش سەككىز ئەل قوشۇنلىرى جەسەت كۆلى تالىشىپ تىغ كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە

يەتكەن ئەھۋالدا، خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ فاشيەنگە ھەدىيە قىلغان بۇددانىڭ بىر تال چىشى ۋە 15 دانە سارىراسى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.

مىلادىدىن 13 ئەسىر بۇرۇنلا ئۇدۇن (خوتەن) لۇقلار خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر بىلەن سودا ئالاقە قىلغان. يازما تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، جۇڭگو راھىبلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپ غەربكە بېرىپ بۇددا نومى ئېلىشقا بارغان جايى ھىندىستاننىڭ ئۆزى بولماستىن بەلكى ئۇدۇن بولغان. 1976 - يىلى خېنەننىڭ ئەنياڭ شەھىرىدىن شاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بىر ئايالنىڭ قەبرىسىدىن 750 پارچىدىن ئارتۇق قاشتېشى بۇيۇمى تېپىلدى. تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە ھەممىسى شىنجاڭ خوتەن قاشتېشى ئەكەنلىكى بېكىتىلگەن.⑫

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلغان بىر قاتار تارىخى يازما خاتىرىلەردىكى قەدىمىي خوتەنگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى بىر - بىرلەپ تىزىشىمىزدىكى تۈپ مەقسەت، قەدىمىي خوتەندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىكى زامانلاردا مەۋجۇت ھاياتىي پائالىيىتىنى ئېگىلەش ئاساسىدا، ساكيامۇنى ياشىغان مىلادىدىن بۇرۇنقى VI — V ئەسىرلەردىكى خوتەن ئاھالىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى مۆلچەرلەپ، قەدىمىي خوتەن ھەقىقەتەن ساكيامۇنىنىڭ مۇھىم پائالىيەت سورۇنى، دىنىي تەشۋىقات تەرغىباتلىرىدىكى بىر قەدەر بالدۇرقى جايلارنىڭ بىرى بولغان بولۇشى، ھەتتا، «ساكيامۇنى 80 يېشىدا خوتەنگە كەلگەن» دە خوتەندە قازا قىلغان بولۇشى، ساكيامۇنىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلگەن كوسناگارا قەدىمىي شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى ئورنى، خوتەن بوستانلىقىنى باغرىغا ئېلىپ تۇرغان قۇرۇم (گوسرىنگا) تېغى باغرىغا جايلاشقان مىلىك ئاۋات قەدىمىي شەھىرى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرىقىلار گەرچە يۈزەكى بولسىمۇ، ئۇستازلارنىڭ، كەسىپداشلارنىڭ تۈزىتىشى، ھەتتا رەت قىلىپ ئىلمىي پاكىتلار بىلەن توغرىلىشىغا موھتاجمەن.

**ئىزاھاتلار:**

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1985 - يىلى 1 - سان، 143 - ، 144 - بەتلەر.

② «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىلى 2 - سان، 71 - بەت.

③ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1995 - يىلى 1 - ، 2 - قوشما سان، 123 - بەت.

④ يۇقىرىقى ماتېرىيال 122 - بەت.

⑤ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1988 - يىلى 2 - سان، 14 - بەت.

⑥ يۇقىرىقى ژۇرنال 1995 - يىلى 1 - ، 2 - قوشما سان، 123 - بەت.

⑦ يۇقىرىقى ژۇرنال 1993 - يىلى 1 - سان، 11 - بەت.

⑧ يۇقىرىقى ژۇرنال 1995 - يىلى 1 - ، 2 - قوشما سان، 122 - بەت.

⑨ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑩ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

⑪ لى يىنپىڭ: «بۇددا ئىلى ئۇدۇن» 1995 - يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە 161 - بەت.

⑫ «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلى 1993 - يىلى 1 - ، 2 - قوشما سان، 82 - ، 83 - بەتلەر.

(ئاپتورى - خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا)

# مايتاغدىن ئېتىلغان بەش پاي ئوق ئاۋازى — سوپاخۇن پولكوۋنىكنىڭ مايتاغدىن جەنۇبىي شىنجاڭغىچە بولغان پائالىيەتلىرى

## تارىخىي ئەسلىمە

ئەخمەتجان مەھەممىدى

### I ھەقىقەتكە قايتىش

قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن شۇ جايدا زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەت بولىدۇ. مايتاغدىن ئېتىلغان بەش پاي ئوق ئاۋازى ئۇلارنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى سېپىگە ئېلىپ كىردى.

بۇ دەل 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بولۇپ، شۇ كۈنى گومىنداڭنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنىدىن تەركىب تاپقان كۈچلۈك مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئۈچ ۋىلايەتكە ئەسكەر تارتىپ ئۆتكەن قەيسەر سوپى لىيەنجاڭ لىيەنى ئىدى. ئۇنىڭ لىيەنىدىكى كۆپچىلىك ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر 1931 ـ يىلى قۇمۇل ئىنقىلابىدا قوزغالغان خوجىنىيازھاجى ۋە تۇرپاندا قوزغىلىپ چىققان مەھمۇت سىجاڭغا ئەسكەر بولغانلار بولۇپ، كېيىن قەشقەر 6 ـ يەڭدا تۇرغان. بۇ لىيەندىن ئۆمەرجان كېرىموف 1950 ـ يىلى ھەربىيدىن كەسىپ ئالمىشىپ ئاقسۇ يېڭى شەھەرگە ھاكىم، ئاقسۇ ۋىلايەت ئوتتۇرا سوتقا يۈەنجاڭ بولۇپ 1989 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

سېلىم ئىسكەندەر ھازىر ھايات، ئاپتونوم رايونلۇق بېتون زاۋۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان.

مەڭلىكوف قاسىم بۇگۇر ناھىيە ۋۇ- جاڭبوغا باشلىق بولۇپ، 1979 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

سىدىق ھاجى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قازا تاپقان.

سۇلتان مامۇت قۇمۇل ھەربىي شۆبە رايونىغا قوماندان بولغان، ھازىر دەم ئېلىشتا.

تۇراق ئىسمايىل جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا سەنمۇجاڭ بولغان.

ئابلەت داۋۇت، ئوسمان قارى قاتارلىقلار ئاقسۇ ئۇرۇشىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان.

سوپى لىيەنجاڭ ئەسكەر تارتىپ چىققاندا بۇ قىسىمدا مۇشۇنداق كۈچلۈك ئوفىتسېرلار بار بولۇپ، سوۋېت ھەربىي تەربىيىسىنى ئالغان. ئىنتىزامچانلىقى، جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى، خىللانغان قوشۇن بولۇپ قەشقەردە ئاممىنىڭ يۇقىرى ئىناۋىتىگە ئېرىشكەن قوشۇن بولغانلىقتىن 1942 ـ يىلى شىڭ شىسەي بۇ قوشۇندىن گۇمانلىنىپ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىشنى بۇيرۇق قىلغان. 6 ـ يىڭنى يۆتكەپ كورلىغا كەلگەندە قورالسىزلاندۇرۇپ 3000 دىن ئارتۇق كىشىگە قوشۇپ كورلا بىلەن چاقىلىق تاش يولىنى ياساشقا سالغان. 1943 ـ يىلى ئوسمان باندىت شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقاندا بۇ

قىسمىنى يەنە قوراللاندۇرۇپ يۆتكەپ ئوسمان باندىت بىلەن بولغان ئۇرۇشقا سالغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئۇرۇشى پارتلىغاندا 1945 ـ يىلى گومىنداڭ بۇ قىسمىنى مايتاغنى مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى. سوپى لېيەنجاڭ لىيەنى شىڭ شىسەينىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ زۇلۇم ئازابىنى يەتكىچە تارتقان. مۇشۇنداق گىرەلىشىپ كەتكەن زۇلۇم ئاستىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىزانلىرىنىڭ تەشۋىق خەۋەرلىرى مايتاغقىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە سوپى لېيەنجاڭ باشچىلىقىدا بۇ قىسىم مەخپىي هالدا ئۇيۇشۇپ ئۈچ ۋىلايەتكە ئۇرۇش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇش ۋە ئىسيان قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سېپىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە مۇهاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. گومىنداڭنىڭ مايتاغدىكى بۇ كۈچلۈك قوشۇنى ئىچىدە 9 ـ ۋە 8 ـ لېيەنلەر ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ سوپى لېيەنجاڭ 9 ـ لېيەننىڭ لېيەنجاڭى، 8 ـ لېيەنگە هېسامىدىن لېيەنجاڭ ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى شىخو، بۆرتالا ۋە مايتاغلارغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. شىخودىكى گومىنداڭنىڭ قوماندانلىق باش شتابى مايتاغدىكى 9 ـ 8 ـ لېيەنلەردىن قاتتىق گۇمانلىنىپ ئۇلارنى يوقىتىۋېتىش پىلانىنى تۈزىدۇ.

ئالدى بىلەن مەزكۇر لېيەننىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى يىغىۋېلىش پىلانىنى تۈزۈپ، 8 ـ 9 ـ لېيەندىكىلەرنى ئۇرۇش پوتەيلىرىنى ياسىتىش، ئاكوپ قازدۇرۇش، ئوتۇن يىغىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە سېلىش ئارقىلىق قوراللارنى يىغىۋالماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە يىغىۋېلىش مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. بۇ جىددىي خەۋەرنى شا تىڭپاڭ يىڭجاڭنىڭ قېشىدا كانىۋاي هەم تەرجىمان بولۇپ تۇرغان ئىبراهىم (خۇيزۇ) سوپى لېيەنجاڭغا يەتكۈزىدۇ.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سوپى لېيەنجاڭ ئىلغار، ئىشەنچلىك كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى يىغىپ مۇزاكىرە قىلىدۇ. شايىڭجاڭنىڭ مۇهاپىزەتچىسى ئىبراهىم بولسا قەشقەردىكى 31 ـ تۈەندىن باشلاپ 9 ـ 8 ـ لېيەندىكىلەر بىلەن بىرگە بولۇپ، سوپى لېيەنجاڭنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى بولغانلىقتىن شا تىڭپاڭ يىڭجاڭغا مەقسەتلىك هالدا مۇهىم خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئۈچۈن مۇهاپىزەتچى هەم تەرجىمان قىلىپ بەرگەن ئىدى. ئىبراهىم ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ 9 ـ لېيەننى قورالسىزلاندۇرۇش بۇيرۇقىدىن خەۋەر تاپقان سوپى لېيەنجاڭ بىر نەچچە جەڭچىنى گازارمىدا ئاغرىق دەپ قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان جەڭچىلەرگە قول گىراناتىنى بەللىرىگە باغلاپ بىردىن قول پىلىموتىنى تۇتقۇزۇپ ماڭدۇ. ئۇلار «بۇ پىلىموتلارنى يۇك قىلىپ نېمە قىلىسىلەر، تاشلاپ قويۇڭلار» ، دېگەندە، سوپى لېيەنجاڭ «هازىر ئۇرۇش بولۇۋاتسا دۈشمەن تۇيۇقسىز كېلىپ قالسا، قىرىلىپ كەتمەيمىزمۇ» دەپ ئۇلارنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالىدۇ.

دېمەك، ئەهۋال بارغانسېرى جىددىيلىشىپ قوزغالمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى سېزىدۇ هەم دالا تۈزدە بىر نەچچە سوتكا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا بولغۇدەك شارائىتنى كۈتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى 9 ـ لېيەن جەڭچىلىرىدىن مۆمىن تالىپ ۋە يۇسۇپ تاڭ سەھەردە بەش پاي ئوق ئاتىدۇ. ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ 120 نەپەر ئەسكەرنى باشلاپ سوپى لېيەنجاڭ قوزغىلىدۇ. ئەمما 8 ـ لېيەننىڭ لېيەنجاڭى هېسامىدىن يېرىم يولدا خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كېتىدۇ.

بۇ ليەن مايتاغدىن قوزغىلىپ چىققاندا پىيادە چىققانىدى. يەنىسخەي دەرياسى بويىدىكى چاغان كۆرەگە كەلگەندە سوپاخۇن كۆرەدىكى موڭغۇل لامالىرىغا: «بىز مايتاغدىن گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىقتۇق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشۇلماقچىمىز، كەينىمىزدىن دۈشمەن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا بىزگە ياردەم قىلساڭلار» دەپ ئەھۋال ئېيتىدۇ. بۇ يەردە ئۇندەك لاما بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا كېڭەشكەندىن كېيىن، ئىگەر توقۇملۇق 50 ئاتنى ياردەم قىلىدۇ. ئاتلار شاش بولغاچقا، موڭغۇل قېرىنداشلار ئاتلارنى توقۇپ جەڭچىلەرنى مىندۈرۈپ قويۇپ ئاق يول تىلىشىدۇ. ئۇلار ئاتلىنىپ بۆر تۇڭگىنىڭ كىچىك سېپىلىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۆر تۇڭگىدە ئىككى ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، داۋاملىق يۈرۈش قىلىدۇ. گومىنداڭ ساقچىسى بىلەن ئېلىشىشتا يېڭىسارلىق ئەخمەت ئېلى دېگەن جەڭچىمىز يارىدار بولىدۇ. بۇ جەڭچىنى يول ئۈستىدە نۇرباي دېگەن قازاق چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ نۇربايغا 100 پاي ئوق بىلەن بەش ئاتار مىلتىقتىن بىرنى ئىككى دانە گىرانات بېرىپ يولغا چىقتۇق. لېكىن كىم بىلسۇن، بىزنىڭ كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنى نۇرباي ئائىلىسىگە بېسىپ كىرىپ يارىدار جەڭچىمىز بىلەن نۇربايىنى ئائىلىسىدىكەر بىلەن قوشۇپ قىرىپ تاشلاپتۇ. بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە بەل باغلىدۇق. بىز تاغ ئارىسىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، گومىنداڭنىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى قوغلاپ كېلىپ قالدى. بىز تاغ ئىچىدە يوشۇرۇنغان، دۈشمەن تاغ ئېغىزىدا تورۇۋاتقان مۇشۇنداق ۋاقىتتا، يەر شارائىتى يەنىلا بىزگە پايدىلىق ئىدى.

گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ تۈەنجاڭى بىزگە خەت ئەۋەتىدۇ. خەتتە: «سوپى ليەنجاڭ! سەن تېزدىن قايتىپ كەل، بىز سېنىڭ ھاياتىڭغا كاپالەتلىك قىلىمىز، ئەگەر قايتىپ كەلمىسەڭ قول ئاستىڭدىكى ئەسكەرلەر بىلەن قورال - ياراغنى تاپشۇر، ئەگەر تاپشۇرمايدىكەنسەن، بىز تۆت ليەن ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ ئەتراپىڭنى قورشاپ، بولدۇق. بىرىڭلارنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلايمىز» دەپ تەھدىت سېلىنغانىدى. سوپاخون بۇ خەتكە جاۋابەن: «قورال - ياراغ تۇرماق ئېتىلغان ئوقنىڭ بىرتال مىشكىنىمۇ سىلەرگە بەرمەيمىز، سىلەرنىڭ تۆت ليەن ئاتلىق ئەسكىرىڭلار بولسا، مېنىڭ 400 نەپەر خىل ئادىمىم بار. ئەگەر قورقمىساڭ كەل، بىز سىلەرنىڭ ئەدىپىڭلارنى بېرىمىز، ئىشەنمىسەڭ ئۇرۇشۇپ كۆرەيلى، بۇگۈن كېچە كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن» دەپ خەت يازىدۇ. بۇ دەل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىدى. لېكىن بىزنىڭ قىسىم دۈشمەننىڭ باستۇرۇپ كېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئويلاپ بىھۇدە چىقىمدىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن كېچىلەپ يول يۈرۈپ، تاغ يوللىرى ئارقىلىق باشقا جايغا يۆتكىلىپ كەتتۇق. ئەسلىدە بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدىغان گومىنداڭنىڭ بۇ قوشۇنى سوپاخۇننىڭ ھەيۋە قىلغان خېتىنى كۆرۈپ، ئالاقزادە بولۇپ، قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ، شۇ كېچىدىلا كەينىگە قاراپ تىكىۋەتكەن. لېكىن بىز ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقىنىمىزدا توساتتىن يوشۇرۇنۇپ ياتقان دۈشمەنگە يولۇقۇپ قېلىپ، قاتتىق ئېلىشىشقا توغرا كەلدى. بۇ قېتىمقى جەڭ ئۈچ سائەتكە يېقىن سوزۇلدى. بىز تەرەپتىن غەنىخان بەنجاڭ، توردى ئاشۇقلار قۇربان بولدى. ئاخىرى گومىنداڭ قوشۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قاچتى. سوپاخۇننى ئېتىپ تاشلاش تاماسىدا قىسىمغا

ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھېسابىدىن لىيەنجاڭ كۆپ قېتىم ئۇرۇنۇپمۇ جەڭچىلەرنىڭ ھوشيارلىقىدىن يامان غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، مۇشۇ جەڭ بولۇۋاتقان چاغدا گومىنداڭ سېپىگە قېچىپ كەتتى. بىزگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بۇ خەتەرلىك سايە شۇنىڭ بىلەن يوقالدى. سوپاخۇن مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئىككى لىيەن ئەسكەرنى باشلاپ سەككىز كۈن جاپالىق سەپەر قىلىپ ئەتراپىتىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ غەلىبىلىك ھالدا ئازاد رايون بۆرتالا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۆرتالادىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە خەلق سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى ھەقىقەتكە ئۆتكەن بۇ جەڭچىلەرنى يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ، قىزغىن قارشى ئالدى. گۆش ياغ، ئاشلىق، نان تەغدىم قىلدى، ئۇلار بۆرتالاغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى گومىنداڭچە ماتادىن تىكىلگەن ھەربىي فورمىلىرى يىرتىلىپ، جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ياخشى كۈتۈپ، ئۈچ - تۆت كۈن ھاردۇق ئالدۇرغاندىن كېيىن، ئاپتوموبىل بىلەن غۇلجا باياندايغا ئېلىپ باردى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىگە ۋاكالىتەن زۇنۇن تېيىپوف بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭ قوشۇنىدىن ئىنقىلابىي سەپكە ئۆتكەن 120 كىشىلىك بىزنىڭ قوشۇنغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى ۋە بىزنىڭ قوماندانىمىز سوپاخۇننى كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن مۇكاپاتلىدى.

## I جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش

مايتاغدىن چىققان سوپى لىيەنجاڭنىڭ قىسمى چىنىققان، كۈچلۈك ئۇرۇش كۆرگەن كونا جەڭچىلەر بولغانلىقتىن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىكى ئۇلارنى ئارقا سەپ پارتىزان ئەترىتى قىلىپ تەشكىللەپ، بۇ ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا سوپاخۇن، كومىسسارلىققا ئابدۇكېرىم ئابباس، قاسىمجان قەمبەرلەرنى بەلگىلەپ 1945 - يىلى 7 - ئايدا جەنۇبقا يۈرۈش قىلدۇ. رازىيوف داموللام بۇ ئەترەتنىڭ دىنىي ئىشلار ۋەكىلى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە نىم شېھىت ئارمىيە دامولامۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي كۈچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئاساسىي كۈچىنىڭ شىخوغا يۈرۈش قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. سوپاخۇن بۇ ئەترەتنى باشلاپ قېيىر داۋان ئارقىلىق بايغا چۈشتى. قېيىر داۋاننى گومىنداڭنىڭ 100 نەپەر ئەسكىرى ساقلاۋاتاتتى. سوپاخۇن قىسمىنى باشلاپ كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يوقاتتى. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يېرىم سائەت جەڭ قىلىپ باي ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى، گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ مۇزارت داۋىنى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشىشىنى توسۇش ئۈچۈن، مۇزارت داۋىنىنىڭ ئېغىزىدىكى قورغانغا ئىككى لىيەن ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مۇزارت داۋىنى ئىنتايىن خەتەرلىك ھەم تار بولغاچقا بىر ئادەم ياخشى قوراللىنىپ توسۇۋالسا مىڭ ئادەم بولسىمۇ، بۇ يەردىن ئۆتەلمەيدۇ، شۇڭا سوپاخۇن باينى ئالغاندىن كېيىن مۇزارت قورغىنىغا ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. بىز ھۇجۇم قىلىپ ئاسانلا قورغاننى ئالدۇق. قورغاندا گومىنداڭنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يوقاتتۇق. بۇنىڭدىن 120 نەپەر ئادەم ئەسىرگە چۈشتى. ئەسىرلەر ئىچىدىكى 90

نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەر سوپاخۇننىڭ قىسمىغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بۇ قىسىم تېخىمۇ كۈچەيدى. قورغاندىكى بۇ جەڭدە بىز 18 دانە ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 110 مىڭ پاي ئوق، بىر مۇنچە مىلتىق، 210 دانە ئات غەنىمەت ئالدۇق.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابى سوپاخۇننىڭ مۇزارت قورغىنىدا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن 1 - دەرىجىلىك ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلاپ ئۇنىڭغا پودپولكوۋنىك (جۇڭ شياۋ) ئۇنۋانى بەردى.

قورغان ئېلىنغاندىن كېيىن تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىپ گومىنداڭ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئېلىپ، ئاقسۇ يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق. ھۇجۇم جىددىي ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن گومىنداڭنىڭ 5 - تۈەنى يېڭى شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە قامىلىپ قالدى. قەشقەر يولىدىن باشقا كۇچا، ئاۋات، ئۇچتۇرپان يوللىرى پۈتۈنلەي قامال قىلىندى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى پارتىزانلىق ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي كۈچىنى تۇتۇپ تۇرۇش بولغاچقا، ئاقسۇ يېڭى شەھەردىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق گومىنداڭ ئەسكىرىنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ئارىلاپ ھۇجۇم قىلىپ، سېپىلنى پارتلىتىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت يېقىپ، شەھەردىكى دۈشمەننى پاراكەندە قىلىپ 45 كۈن مۇھاسىرىدە تۇتۇپ تۇردى. بۇ جەرياندا سېپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ قوشۇنى ئوق - دورا يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىن قىسىلىپ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئۇلارغا ئايروپىلان ئارقىلىق ھاۋادىن ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورا تاشلاپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئايرو-

پىلانلار بىزنىڭ قىسىمدىن قورقۇپ تۆۋەنلىيەلمىگەچكە، تاشلىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ كۆپ قىسمى شەھەر سىرتىغا، بىزنىڭ پارتىزانلار قىسمىمىزغا چۈشتى. ئاقسۇ خەلقى زۇلۇم - كۈلپەتنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان خەلق، ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى غەزەپ - نەپرىتى تېشىپ تۇرغان مۇشۇنداق بىر پەيتتە سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى ئىلى پارتىزانلىرىنىڭ كېلىشى ئۇلارنى بەكمۇ روھلاندۇردى. ئۇلار بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

بولۇپمۇ ئاۋاتلىقلار قەھرىمان باتۇر خەلق بولغاچقا ئۆلۈمگە قىلچىمۇ پىسەنت قىلمايتتى. بىز ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن گومىنداڭ قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر تۈركۈملەپ ئات، قورال - ياراغلىرى بىلەن بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلدى. ئاۋاتلىق شاۋاز دېگەن جەڭچى گومىنداڭ 5 - تۈەندىن بولۇپ سېپىل ئەھۋالىدىن ئېنىق خەۋىرى بار ئىدى. شۇڭا لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» ئەزالىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، سېپىلگە شوتا قويۇپ، يۇقىرىغا چىقىۋاتقاندا دۈشمەنلەر سېزىپ قېلىپ ئوق چىقىرىدۇ. ئۇ قۇربان بولىدۇ. ئابدۇكېرەم خۇدا بەردى ئىسىملىك ئاۋاتلىق يەنە بىر جەڭچى بولۇپ، قورغاندىكى ئۇرۇشتا گومىنداڭ قىسمىدىن بىز تەرەپكە ئۆتكەن، ئاقسۇ ئۇرۇشىدا قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ پۇتىغا ئوق تەگكەن (ھازىر ھايات بولۇپ ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ). ساۋۇت بارات، مۆمىن ئىسىملىك جەڭچىلەرمۇ قورال - ياراغ بىلەن بىز تەرەپكە ئۆتكەن بولۇپ، ئاقسۇ ئۇرۇشىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەنىدى. ئاقسۇ ئۇرۇشىدا قوشۇن كېڭىيىپ مىڭ نەپەردىن

ئۇشۇق ئادەمگە ئىگە بىر زور قوشۇنغا ئايلاندۇق. ئاخىرى سوپاخۇن ئاقسۇ يېڭى شەھەرنى ئازاد قىلىشنى قارار قىلىپ تولۇق تەييارلىق بىلەن شەھەر سېپىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى باشلىدى. جەڭچىلەر دۈشمەننىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقىغا قارىماي، سېپىلگە شوتا قويۇپ، قەھرىمانلىق بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، دۈشمەن بىلەن كەسكىن ئېلىشتى. بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىپ بولغانلىقتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىغا توپلىنىپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغان، ئاقسۇ يېڭى شەھەردىكى گومىنداڭ قوشۇنى لۈتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارنى يوشۇرۇن قەتلى قىلىپ بولۇپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ قاچماقچى بولۇۋاتقان، يەنە بىر سوتكا ۋاقىت بولسىلا ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇش مۇمكىنچىلىكى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان ۋاقىت ئىدى. ئەپسۇس، جەڭچىلىرىمىز قەيسەرلىك بىلەن جان تىكىپ سېپىلگە يامىشىۋاتقان، سېپىل ئۈستىدە يەكمۇ يەك دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ پەيتتە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىدىن ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىقىش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق كېلىپ قالدى. سېپىل ئۈستىدە تۆت نەپەر جەڭچىنىڭ جەستى قالدى. بۇ جەڭدە بىز تەرەپتىن 60 نەپەر جەڭچى ياردار بولۇپ ئابلەت داۋۇت، ئوسمان قارى باشلىق 30 دىن ئارتۇق سەپدىشىمىز قۇربان بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇيرۇققا بىنائەن بىز ئاقسۇنى تاشلاپ، ئىلىغا قايتىپ چىقتۇق، بۇ كىشىلەر ئېيتقاندەك ئاللىقانداق تۇر ئاقسۇ ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقانلىقى بولماستىن بەلكى غەلىبىگە ئېرىشىش پەيتى ئىدى.

ئاقسۇنى نېمە سەۋەبتىن گومىنداڭغا تاشلاپ بەردۇق؟ بۇنى بىز بىلەلمەي ھەيران قالغاندۇق. غۇلجىغا چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن بىلدۇق. ئەسلىدە ئۈرۈمچىدە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغانكەن. بىتىمنىڭ روھى بويىچە بىز ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان ئىكەنمىز.

**Ⅱ سوپاخۇن لېيەنجاڭنىڭ 1946 ـ يىلى پولىك باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىشى**

جەنۇبىي فرونتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سوپاخۇننىڭ ئاقسۇ فرونتىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنى ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلاپ پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىپ تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكىغا كوماندىر قىلىپ تەيىنلىدى.

پولىك باشلىقى: سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ

مۇئاۋىنى: شارشىبېك (قىرغىز)

سىياسىي كومىسسارى: مالىك ھەمدۇللار قۇربانوف (قازاق)

شتاب باشلىقى: ئامانتور بايزاكوف (قىرغىز)

خوجىلىق باشلىقى: سايتوف مەخمۇتجان

سىياسىي بۆلۈم باشلىقى: مامۇتۇف قۇربان ئىدى.

تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولىك چېگرا رايونغا مەسئۇل قىلىندى. بۇ پولىك تەركىبىدىكى تۇرسۇن (قازاق) باشچىلىق قىلغان بىر ئىسكادروننىڭ بىر ئىزۋۇتى (پەي) مۇز داۋاندا ئىدى. مەن شۇ چاغدا مۇئاۋىن پەيجاڭ بولۇپ، مۇز داۋاندا تۇردۇم. يۇلدۇزدا بىر ئىسكادرون (لېيەن) بولۇپ باشلىقى ئەختەموف، كەڭ سايدا بىر

ئىسكادرون بولۇپ، باشلىقى مەئلىكوف قاسىم، ئاقياردا بىر ئىسكادرون بولۇپ باشلىقى قادىرخان (قىرغىز) ئىدى. بۇ چاغدا سوپاخۇن مېنى ئاجىرىتىپ تەربىيەلەپ پۈتۈن پولكنىڭ تەمىنات قىسمىدا باش بوغالتىر قىلىپ تەيىنلىدى. 1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھى بويىچە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قىسقارتىلىپ ئۈچ ئاتلىق پولك، ئۈچ پىيادە پولك قىلىپ تەشكىللەندى. 1947 ـ يىلى يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا چىققاندا ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللەرنى ئالاھىدە بىزنىڭ قىسىمغا باشلاپ كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى، ھەم ھەربىي پائالىيەت كۆرسەتتى. بۇ پولكنىڭ جەڭگىۋار قىسىم ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى. سوپاخۇن سوۋۇرۇپ چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرغاندىمۇ قىسىم ئىچىدە سەنئەت كۇرۇژۇكى تەشكىللەپ ئۆزى كومېدىيە نومۇرلىرىنى يېزىپ، ئۆزى رول ئېلىپ، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ، قىسىمنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇپ، چېگرا رايون خەلقىگە ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتىنى تەشۋىق قىلدى. 1948 ـ يىلى غۇلجىدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەت ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. پائالىيەتتە سوپاخۇن قوماندانلىقىدىكى تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكى جەڭ ماھارەتلىرىدىن ئويۇن كۆرسەتتى. سوپاخۇن ئات ئۈستىدە ئىككى قولىدا ئىككى قىلىچنى ئىشلىتىش ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق ئاجايىپ يۇقىرى ماھارىتىگە ھەممەيلەن ئاپىرىن ئوقۇدى. بۇنى كۆرگەن ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىساقبەگلەر سوپاخۇننى «ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان چاپايوف» دەپ ماختاشتى. بۇ پائالىيەتتە سوپاخۇننىڭ كۆرسەتكەن ماھارىتى ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئۇنى كۈمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلىدى.

سوپاخۇن پودپولكوۋنىك مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەش قىلسا، ئازادلىقتىن كېيىن ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

1951 ـ يىلى پودپولكوۋنىكتىن يۇقىرى 400 دەك ئوفىتسېر ئۇرۇمچىگە سىياسىي كۇرسقا يىغىلدى. كۇرستىكى ئۆگىنىش داۋامىدا، شۇ مەزگىلدە قانات يايدۇرۇلغان «بەشكە قارشى»، «ئۈچكە قارشى» تۇرۇش ھەرىكىتىگە ئائىت ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلدى. كۇرس داۋامىدا بەزىلەر سوپاخۇنغا تۆھمەت ۋە سۇيىقەست قىلىپ پودپولكوۋنىك دەرىجىدىن بىراقلا ئۈچ دەرىجە تۆۋەنلىتىپ يېنىك دەرىجىگە چۈشۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سوپاخۇن قاتناش نازارىتىدە بىر بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن تەتۈر قۇيۇن چىققاندا سوپاخۇن سوۋۇرۇپ يەنە بىر قېتىم ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 27 يىل دەرت ـ ئەلەم چېكىپ جاپالىق تۇرمۇش كەچۈردى.

1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا قاتناش نازارىتى رەھبەرلىكى مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ سوپاخۇننىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ خەلقىمىزنىڭ بۇ باتۇر ئوغلانىنى ئاقلاپ چىقتى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. سوپاخۇن بىلەن مايتاغدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابى قوشۇنىغا قاتناشقان ۋە تىكەس 1 ـ ئاتلىق پولكىدا سوپاخۇن بىلەن بىللە ئىشلىگەن ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرنىڭ ناھايىتى نۇرغۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدا رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلەپ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ ۋەتەن، خەلق ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇ يىللاردا سوپاخۇن قولىدا ئىشلەپ ھايات قالغانلاردىن

سوپاخۇن سوۋۇرۇپ (قاتناش نازارەتتە)

مامۇتوۋ قۇربان (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدا)

سايتوۋ مەخمۇتجان (مالىيە نازارەتتە)

سىلىم ئىسكەندەر (ئاپتونوم رايونلۇق بېتون زاۋۇتىدا)

تۇراق ئىسمايىل (شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا دەم ئېلىشتا)

سۇلتان مامۇت (شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا دەم ئېلىشتا)

سابىتوۋ ئۆمەرجان (تراكتور زاۋۇتىدا)

تاش غوپۇر (يەنئەنلىۋ دەم ئېلىش قورۇسىدا)

روزى تۇردى (شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتىدا)

ئەخمەتجان مۇھەممەدى (سودا نازارەتتە)

ۋاھاپ (ش ئۇ ئا ر يۇقىرى سوتتا)

(ئاپتورنىڭ ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى)

---

## ھېكمەتلىك سۆزلەر

△ بەخت ـ تىلەكتە ئەمەس، بىلەكتە.

△ بىۋاپا يار — جانغا دار.

△ پاكلىقنىڭ — ساپلىقنىڭ.

△ ئاتىلار سۆزى — ئەقىلنىڭ كۆزى.

△ ئاغزى باتۇرنىڭ ئۆزى باتۇر بولماس.

△ پىچاق ئۆتكۈر بولسىمۇ، ئۆز سېپىنى كەسمەيدۇ.

△ پادىشاھ زالىم بولسا، يۇرت تۇزار،
پادىشاھ ئادىل بولسا، يۇرت ئوزار.

△ سۆز قەدرىنى بىلمىگەن ئۆز قەدرىنى بىلمەس.

(ئۆزبېكچە «ھېكمەتنامە» دىن ئېلىندى.)

# XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى ۋە تارىخشۇناسلىقى

گۈلنار ئىزىز

ئۇيغۇرلارنىڭ تەزكىرە ۋە تارىخشۇ-
ناسلىقى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، قۇللۇق جەمئى-
يەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى قەھرى-
مانلىق داستانلىرى، ئاقسۆڭەكلەر شەجە-
رىسى ۋە قەبىلە ـ قەۋملەر نەسەبنامىسى،
تەزكىرىلەرنى تەكرار ـ تەكرا تەرەققىيات
قاتلىمى قىلغان ھالدا بارلىققا كېلىپ ۋە
تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن
كېيىن قويۇق رېئاللىق تۈسىنى ئالغان
ئىجتىمائىي تەزكىرىچىلىك ۋە تارىخشۇناس-
لىق ئىلمى بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت تا-
رىخىدا تارىخشۇناسلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى
خېلىلا بۇرۇن چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەھ-
مىيەت بىلەن قارىغان مىللەتلەرنىڭ بىرى.
XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ
خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا
«بەگلەرنىڭ ئۆزى قانچىلىك بىلىملەرنى
بىلمىسۇن، سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن يە-
نىلا پۈتۈكچى كېرەك»، (2674 ـ بې-
يىت) «كۆپلىگەن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە
يېزىلىدۇ، پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن سۆزلەر
ئۇنتۇلمايدۇ، پۈتۈكچىلەر پۈتۈك يازمىغان
بولسا، بۇ ھېكمەت، بىلىملەرنى قانداق
بىلگەن بولاتتىڭ، ئالىم ۋە دانالار پۈتۈك
يېزىپ قويمىغان بولسا ئىدى، بىزگە ئۆت-
كەن (ئىشلار) نى كىممۇ ئېيتىپ بېرە-
لەيتتى» (2697 ـ، 2698 ـ، 2699 ـ
بەيتلەر) دەپ يازغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىن-
غان پۈتۈكچىلەر تەزكىرىچىلەر ۋە تارىخ-
شۇناسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ناھا-
يىتى ئېنىق. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخ-
چىسى موللا مۇسا سايرامى مۇنداق دېگەن:
«تارىخ ئىلمى ناھايىتى زور بىر ئىلىم بو-
لۇپ، ھەممە ئېلىملارنىڭ ئالدىنقى قاتارى-
دىن ئورۇن ئالالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى ئو-
قۇتۇش ۋە تارىختىن خەۋەردار بولۇش ئىن-
سان ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشتۇر.
بۇ پەننى بىلىدىغانلار بولسا خالايىق نەزەرى-
دە ئۇلۇغ ھېسابلىنىپ سۆھبەت ۋە مۇزا-
كىرىلەردە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولالاي-
دۇ. تارىخ ئىلمىنى بىلمەيدىغانلار ياكى ئۇ-
نىڭدىن بىخەۋەر كىشىلەر گەرچە قانچە يۇ-
قىرى كامالەتكە يەتكەن بىلەنمۇ، ئۇلار ئا-
لىملارنىڭ ئالدىدا يەنىلا نەزەر ۋە ئېتىبار-
دىن يىراقتۇر. تارىخنىڭ پايدىسى تولا،
مەنپەئەتى كۆپ بىر ئىلىم، چۈنكى ئادەم-
لەرنىڭ دەرىجە ۋە تەبىقىلىرى، ئۇلارنىڭ
تۇغۇلغان ياكى ۋاپات بولغان چاغلىرى،
ئىز ـ ئالامەتلىرى، خۇلقى ـ ئەخلاقى،
ياشايدىغان جاي ۋە ماكانلىرى، ئاۋات قىلى-
غان شەھەر زېمىنلىرى قاتارلىق مەسىلە-
لەرنى پەقەت تارىخ ئىلمىنىڭ ياردىمى بى-
لەنلا بىلگىلى بولىدۇ» («تارىخى ھەمى-
دى»، 1986 ـ يىلى نەشرى، 35 ـ،

36 ـ، 37 ـ بەتلەر).

يۇقىرىقىلار ئەجدادلارنىڭ تەزكىرە ۋە تارىخ ئىلمىگە قانداق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

XIX ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ تەزكىرە ۋە تەزكىرە ئەدەبىياتى گۈللەنگەن بىر ئەسىر بولدى. بۇنداق ياخشى ئەھۋالنىڭ بولۇشى بىرىنچىدىن، قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تەزكىرە ئەدەبىياتى ۋە تارىخ ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە تەسىرى؛ ئىككىنچىدىن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋالى شۇنداق بىر ئىلمىنىڭ راۋاجلىنىشىنى تەقەززا قىلغان. بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بار، ئەلۋەتتە. تۆۋەندە XIX ئەسىردە ئۆتكەن بىر قىسىم تەزكىرە ئەدەبىياتچىلىرى ۋە تارىخ ئەدەبىياتچىلىرىنى ياكى تەزكىرىچى، تارىخچىلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

مۇھەممەد سادىق قەشقىرى (1729 ـ 1849). قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم. ئۇ تارىخچىلا ئەمەس، بەلكى شائىر، ئەخلاقشۇناس ۋە سىياسىيـون، قـانۇنشۇناس. ئـۇ ئـۆز ئـۆمـرىـدە 10 نەچچـە كىتاب يازغـان. تارىخىي كىتابـلاردىن «تـەزكىرەئى خـوجىكان»، «تەزكىرەئى ئەزىـزان»، «تـەزكىرەئى ئەسھابۇل كـەھف»، «تارىخ ئىسكەندىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» قاتارلىق خاس ئەسەرلىرى ۋە «تەرجىمەئى تارىخىي تەبەرى»، «تەرجىمەئى تارىخىي رەشىدى» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە «تەزكىرەئى ئەزىزان» مۇھىم ئەسەر بـولۇپ، خـوجىـلارنى ئاساس قىلغان ھـالـدا شىنجـاڭنىـڭ XIV — XVIII ئەسىردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي تـارىخىنى يورۇتقان. بۇ كىتـابنـى ئـەسلى 1768 ـ، 1769 ـ يىللىرى يازغان بولۇپ، 1817 ـ يىلىغا كەلگەندە قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ۋە تولۇقلاپ چىققان. «تەزكىرەئى ئەزىزان» 1988 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

موللا مىر سالىھ قەشقىرى

ئاپتورنىڭ قاچان ياشىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭدىن بىزگە «تارىخىي كاشغەر» ناملىق بىر ئەسەر يادىكار قالغان. مۇشۇ ئەسەرنىڭ تىل ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇنىغا قاراپ، ئىلمىي خادىملار ئۇنىڭ XVIII ئەسىردە ياشىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشتى. ئەسەردە ئەپسانە، رىۋايەتلەر دەۋرىدىن باشلاپ سۆز باشلىنىپ، تۈركىي قەۋملەرنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، قىتانلارنىڭ پائالىيەتلىرى، يەركەن خانلىقى ۋە خوجىلار دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى سۆزلەنگەن. بۇ كىتاب 1985 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئەمما مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن كىتابقا «چىڭگىزنامە» دېگەن ئىسىم قويۇپ قويۇلغان. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا موللا مىرسالىھ قەشقىرى «تارىخىي كاشغەر» نىڭ كۆچۈرگۈچىسى دەپمۇ قارىلىدۇ.

مۇھەممەد ئېۋەز قاراقاشى

بۇ ئاپتورنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئېۋەز ئىبىن ـــ مەۋلانا سەدىرىدىدىن قاراقاشى بولۇپ، خـوتـەنىنـىـڭ قـاراقـاش ناھىيىسىدىن. ئۇنىڭ «مەھدۇم ئەزەم»، «مەجمۇئەتۇلئەھكام» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. «مـەھـدۇم ئـەزەم» نىڭ ھىجرىيـە 1241 ـ (1819 ـ 1820) يىلى كۆچـۈرۈلگـەن نـۇسخىسى ساقلانغان. بۇ ئەسەر XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، بولۇپمۇ خوجىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دا بىر قاتار ئىلمىي تارماقلىرى توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر پىكىر بايان قىلىنغان. بۇ

كىتاب ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1990 ـ يىللاردا بېسىلدى.

موللا هاجى

موللا هاجى قەشقەردە ئۆتكەن تارىخچى بولۇپ، ئۇ 1829 ـ 1830 ـ يىللىرى «تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە ئەبۇ ناسىر سامانى، سۇتۇق بۇغراخان، ھەسەن بۇغراخان، ھۈسەيىن بۇغراخان، سەئىد ئەلى ئارسلانخان، يۈسۈپ قادىرخان قاتارلىقلارنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسى زامانىسىدا ئوينىغان رولى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىندى. موللا هاجى بۇ كىتابتىن باشقا يەنە شەيخ ھەربىرى بىلەن بىرلىكتە يازغان «جەڭنامەئى ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام» دېگەن ئەسىرىمۇ بار.

مۆجىزى

بۇ ئاپتورنىڭ تولۇق نامى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا (1820 ـ ؟ ) بولۇپ، خوتەندە ياشىغان. ئۇ 1854 ـ 1855 ـ يىللىرى «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسەر يازغان. كىتابتا 17 نەپەر مۇسىقا (مۇزىكا) ئۇستازى تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە قىدىرخان ۋە ئامانىساخانلار توغرىسىدىكى بايانلار يېگانە ماتېرىيال بولۇپ، مۇقام تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىمەكتە. ئۇنىڭ كىتابى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندى

بۇ يەركەندە تۇغۇلۇپ، خوتەندە ياشىغان تارىخچى بولۇپ، ئۇنىڭ هاياتى توغرىسىدا ئىمامەلى قۇندۇزى (1785 ـ 1858) نىڭ «تارىخىي مەنزۇمە» ناملىق كىتابىدا مەلۇمات خاتىرىلەنگەن. ئاپتور تارىخىي بىلىملەرگە بەك پىششىق ئادەم بولۇپ، 1845 ـ 1846 ـ يىللىرى «تارىخىي رەشىدى» نى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىرگە، 1857 ـ، 1858 ـ يىللىرى «قىسسەسۇل غەرايىب» ناملىق ئۈچ قىسىملىق تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ چىققان. كىتابتا شىنجاڭ ھەم ئۇنىڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ 1994 ـ يىلى مىق مەتبەئەدە بېسىلىپ چىقىلدى.

موللا خۇدابەردى خەلپە

بۇ ئۇچتۇرپاننىڭ ساۋاپچى دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلاشقان تارىخچى بولۇپ، تەخمىنەن 1877 ـ يىلى يازغان «سىلسىلەتۇز زەھەب ـ ئالتۇن زەنجىرلەر» (تولۇق نامى «نافاھاتى ئۈنىس ۋە سىلسىلەتۇز زەھەب» — ئۇلۇغلۇق خۇش پۇراقلىرى ۋە ئالتۇن زەنجىرلەر) ناملىق ئەسىرى 1990 ـ يىلى ئۇچتۇرپاندىن قولىيازما هالىتىدە تېپىلغان. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىلى 3 ـ سانىدا ئا. ئۇرخۇن، پ. هامۇدلار ئۇنى تونۇشتۇرۇپ ماقالە يازدى. كىتاب 278 بەتلىك بولۇپ، ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن، ئۇنىڭدا ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخىنى چۆرىدىگەن ئاساستا XVII — XVIII ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە ئەمەلىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە مەزمۇنلار ئورۇن ئالغان.

موللا ئىبراھىم ئۇيتورى

بۇ ئادەم 1836 ـ 1896 ـ يىللىرى ئۇچتۇرپان ناهىيىسىنىڭ ئاچىتاغ ـ يائغىر يېزىسىدا ياشىغان ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ، 1889 ـ يىلى «شەجەرىل ئىرشات» ناملىق 580 بەتلىك بىر تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر ھازىر مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي خادىملارنىڭ قولىدا بولۇپ، خ. نىياز ئويتورى بۇ تارىخىي ئەسەرنى تونۇشتۇرۇپ

يازغان ماقالىسىنى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1996 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلدى. كىتابتا مەھدۇم ئەزەم ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى خوجىلارنىڭ نەسەپنامىسى يېزىلغان. ئەسەردە ئوقتىلىق ھالدا ئاپاق خوجا، بۇرھانىددىن خوجا، خوجا جاھان قاتارلىقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا، بولۇپمۇ ئاقسۇ رايونىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى خېلى تولۇق بايان قىلىنغان.

موللا شاكىر

موللا شاكىر ئىبنى تاھىر (1805 ـ 1870) ئاقسۇ ئايكۆلنىڭ بازىرىدا تۇغۇلغان داڭلىق شائىر ۋە تارىخشۇناس. ئۇ 1866 ـ يىلى دەسلەپ پارس تىلى بىلەن كېيىنچە ئۇيغۇر تىلى بىلەن «زەپەرنامە» ناملىق داستان يېزىپ چىققان. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى باشقا داستانلارغا ئوخشىمايدۇ. يەنى ئۇنىڭدا 1864 ـ يىلى كۇچادا كۆتۈرۈلگەن مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى تارىخىي يوسۇندا، چىن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بىر بەدىئىي ئەسەر. شۇڭا بۇ ئەسەر ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. موللا شاكىرنىڭ داستانى 4380 مىسرا بولۇپ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1957 ـ يىللىق 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ سانلىرى ۋە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

موللا بىلال

موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ نازىمى (1824 ـ 1899) ئۇيغۇر قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرىدىكى داڭلىق شائىر ۋە تارىخچى. ئىلىدا ياشىغان. ئۇنىڭ «غەزەلىيات»، «چاڭموزا يۇسۇپخان»، «نۇزۇگۇم»، «غازات دەرمۇلكى چىن» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. شائىرنىڭ كېيىنكى ئۈچ پارچە ئەسىرى XIX ئەسىردىكى ھەقىقىي ۋەقە ئاساسىدا يېزىلغان. بولۇپمۇ 1876 ـ يىللىرى يېزىلغان «غازات دەرمۇلكى چىن» ناملىق ئەسىرىنىڭ تارىخىيلىقى ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا 1864 ـ يىلى ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ جەريانىنى تارىخى ۋە چىنلىق پرىنسىپى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. موللا بىلالنىڭ بۇ ئەسىرى «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنىدى.

موللا مۇسا سايرامى

موللا مۇسا سايرامى بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى (1836 ـ 1917) يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى، شائىر. ئۇنىڭ تارىخقا بېغىشلانغان «تەزكىرە تۇلئەۋلىيا» (1885 ـ يىل). «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھىب» (1898 ـ يىلى)، «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق»، «تارىخىي ئەمنىيە» (1903 ـ يىل)، «تارىخىي ھەمىدى» (1908) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

«تارىخىي ئەمنىيە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 ـ يىلى، «تارىخىي ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ئاپتورنىڭ بۇ ئىككى ئەسىرى كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، چوڭ ھەجىملىك ئەسەر. ئۇنىڭدا ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر دەۋرىدىن باشلاپ، تۈركىي قەۋملەر، موڭغۇللار، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ھەم يېقىنقى زامان تارىخىي بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ يېقىنقى زامان توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئالاـ

ھىدە يوقىرى.

يوقىرىقىلاردىن باشقا بۇ دەۋردە يەنە مۇنداق ئەسەرلەر يېزىلغان.

«تەزكىرەئى ئارسلانخان» 1799 ـ يىلى يېزىلغان. ئاپتورى قاسىمى.

«تەزكىرەئى ھەزرەت موللام» 1800 ـ يىلى، ئاپتور مۇھەممەد ئابدۇل ئەلى قەشقىرى.

«تەزكىرەئى ھىدايەت»، «شەجەرەئى بۇزرۇكۋار»، ئاپتور موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر قەشقىرى. 1808 ـ يىلى يېزىلغان.

«داستان سەئىد ئەنسارى»، 1822 ـ يىلى، ئاپتورى ئىمام ھەسەن قەشقەرى.

«شەجەرەئى خوجىكان»، 1825 ـ، 1826 ـ يىللىرى، ئاپتور نامەلۇم.

«تارىخىي ۋاقىئەئى كاشغەر»، يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە يېزىلغان دەپ قارالماقتا، ئاپتورى تەلەبى.

«ئىلىك خانلار توغرىسىدا داستان»، يىلنامىسى ئېنىق ئەمەس، ئەمما XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە يېزىلغان دەپ قارالغان، ئاپتورى ئەيمەن.

«زۇپەرنامە شاھ باھادىرخان»، 1853 ـ يىلى، ئاپتورى ئابدۇغاپپار.

«سىيەرۇلمۇخلىسىن»، 1863 ـ يىلى، «تەزكىرەئى ئارسلانخان»، ئاپتورى شەمشىددىن ئەلى يېگەنھىسارى.

«زۇپەرنامە»، 1877 ـ يىلى، ئاپتورى مۇغەننى.

«سىدىق بەگ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر»، 1865 ـ يىلى، ئاپتورى ھاجى ئابدۇل ۋاقى قەشقەرى.

«خەيرىيەتنامە»، 1867 ـ يىلى ئاپتورى مەھمۇد ئىلىخان كەشمىرى. (كەشمىرگە بېرىپ كەلگەن ئاپتور بولسا كېرەك دەپ قارىلىدۇ)

«مۇنتەخەبۇتتە ۋارىخ»، 1874 ـ يىلى، ئاپتورى ئابدۇللا پانسات.

«تەزكىرەئى خوتەن»، تەخمىنەن 1894 ـ، 1897 ـ يىللىرى، ئاپتورى مەھمۇد ئەلەم (خوتەنلىك).

«تارىخىي كاشغەر»، 1883 ـ يىلى، ئاپتورى مۇھەممەد ئاتىپ.

«تەزكىرەئى ھىدايەت»، ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئەمما XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان دەپ قارىلىدۇ. ئاپتورى موللا ياقۇپ ئىبنى ئۆمەر روزى.

«تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، ئاپتورى تۇردى ھاجىم شەيخ (1793 ـ 1923)

«جەمئۇل تارىخ»، 1907 ـ يىلى، ئاپتورى ھاجى يۇسۇپ (1836 ـ 1914)

بۇلاردىن باشقا ئېلىمىزنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا يەنە مۇشۇ دەۋردە يېزىلغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر ساقلىنىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسىنى بىلىمىزكى، XIX ئەسىردە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەزكىرە ـ تارىخچىلىق ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىغان. نۇرغۇن تارىخىي، تەزكىرە ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. ئۇلاردا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە XIX ئەسىردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، دىنىي ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان. جۈملىدىن بۇ ماتېرىياللار ئاشۇ دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيىسى ۋە سىياسىي، دىن، مىللەتلەر تارىخىنى ئۆگىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىياللار بولۇپ، قىممەتلىكى بىلەن خادىملارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلمەكتە. بۇلارنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش تارىخىي رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

(گۈلنار ئېزىز ـــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات بۆلۈمى خادىمى)

# ئېلىمىزدە موللا مۇسا سايرامى تەتقىقاتى

غەيرەتجان ئوسمان

موللا مۇسا سايرامى (1917—1836) شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى، شائىر ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ «تارىخىي ھەمىدى» (1908 - يىلى يېزىلغان) ناملىق يىرىك ئەسىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ھەم قىزىققۇچىلار ئارىسىدا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىپ، قىزىقىش قوزغايدىغان شەخسكە ئايلىنىپ كەتكەن. پىكرىمىزنىڭ روشەن ئېنىقلىمىسى سۈپىتىدە باشقىلىرى توغرىلىق ئېغىز ئاچماي، پەقەت تارىخچى ليۇ زىشياۋ ئەپەندىنىڭ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1996 - يىلى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككىنچى توم) ناملىق كىتابىنى يېزىشتا «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئۇيغۇر تارىخچىسىنىڭ كىتابىغا ئالاھىدە نەزەر ئاغدۇرۇپ، كۆپ سەھىپىلەردە ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى موللا مۇسا سايرامى (تۆۋەندە «م. م. سايرامى» دەپ قىسقارتىپ ئېلىنىدۇ) نىڭ ھەقىقەتەن شىنجاڭ، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىنىڭ يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي تارىخىدا تارىخشۇناسلىق پەنى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مەشھۇر تارىخىي شەخس بولۇشىغا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئېلىمىزدە خېلى ئىلگىرىلا موللا مۇسا سايرامى توغرۇلۇق ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىلى ئۇسلۇبىدا نەشردىن چىققان. «تارىخىي ھەمىدى» خەنزۇ تىلىغىمۇ ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى تەرجىمە قىلىنىپ بولۇنغان. ئونلاپ ئىلمىي ماقالىلار يېزىلغاندىن باشقا، خاس كىتابلار سەھىپىسىدە تونۇشتۇرۇلغان ۋە تەتقىقات يۈرگۈزۈلگەن. قامۇس، لۇغەتلەردە تونۇشتۇرۇش ماددىلىرى بېرىلگەن، ھەتتا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكلىرىدە يېتەرلىك سەھىپىلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچى ۋە ئىلمىي خادىملار دىققىتىگە نائىل قىلىنغان. كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلار «م. م. سايرامى» تېمىسى بويىچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلاۋېتىپتۇ. بۇ ھال ئېلىمىزدە «م. م. سايرامى» توغرۇلۇق ئىزدىنىشنى يەنىمۇ

چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. تۆۋەندە مەن ئېلىمىزدە «م. م. سايرامى» توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنىڭ يۈزەكى ھالىتىنى كۆرسىتىش ۋە بۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر تېمىغا قىزىققۇچىلارنى تەتقىقات ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەشكە ئاز ـ تولا ياردىمى تېگىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە «ئېلىمىزدە م. م. سايرامى تەتقىقاتى» دېگەن بۇ قىسقىچە بىبلوگرافىيىنى تۈزۈپ چىقتىم.

I م. م. سايرامى ئەسەرلىرى

1. م. م. سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» (پارچىلار)، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، 1980 ـ يىلى 3 ـ سان.

2. م. م. سايرامى «شېئىرلار»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، 1981 ـ يىلى، 2 ـ سان.

3. م. م. سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» (پارچىلار)، «تارىم ئەدەبىياتى» («ئاقسۇ ئەدەبىياتى»)، 1981 ـ يىلى، 3 ـ سان.

4. م. م. سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە» (م. ز. سىدىق تەييارلىغان)، «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋەرلىرى» (قەشقەر). 1984 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ سانلار.

5. «م. م. سايرامى شېئىرلىرىدىن تاللانما» (ئە. بايتۇر تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىلى، ئومۇمىي 15 ـ سان.

6. «م. م. سايرامى شېئىرلىرىدىن»، «تارىم» 1986 ـ يىلى 8 ـ سان.

7. م. م. سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» (ئە. بايتۇر تەييارلىغان) مىللەتلەر نەشرىياتى. بېيجىڭ. 1988 ـ يىلى نەشرى.

8. م. م. سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە» (م. زۇنۇن تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

I لۇغەت، قامۇسلاردا م. م. سايرامى ھەققىدە

1. «م. م. سايرامى»، «مىللەت لۇغىتى» (چېن يوڭلىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن). شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى، 164 ـ بەتتە.

2. «م. م. سايرامى»، «جۇڭگودىكى مىللەتلەر تارىخىدىكى شەخسلەر قامۇسى» (گاۋۋېندى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ. 1990 ـ يىلى نەشرى، 68 ـ بەتتە.

3. «تارىخىي ھەمىدى»، «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى» (قامۇس تۈزۈش گۇرۇپپىسى) بېيجىڭ ئىلىم گۈلزارى (شۆيۈەن) نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 607 ـ بەتتە.

4. «م. م. سايرامى»، «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى» (جى داچۈن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 71 ـ بەتتە.

5. «م. م. سايرامى»، «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»، (ۋەن ياۋبىن باش مۇ-

ھەرىرىلىكىدە تۈزۈلگەن) ، سىچۈەن قامۇسى نەشرىياتى، چېڭدۇ، 1994 - يىلى نەشرى، 363 - بېتىدە.

6. «م. م. سايرامى» ، «تارىخىي ھەمىدى» ، «تارىخىي ئەمىنىيە» ، «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» ، (ليۇۋېيشىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

7. «م. م. سايرامى» ، «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت ئەرباپلىرى تەزكىرىسى» ، (جۇشاۋزۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 295 - 297 - بەتلىرىدە.

■ كىتاب، دەرسلىك ۋە مەجمۇئەلەردە م. م. سايرامىغا دائىر مەزمۇنلار

1. «م. م. سايرامى» ، «دېڭىز ئۈنچىلىرى» (ھاجى ئەھمەد تۈزگەن) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. 1983 - ، 1993 - يىللىرى نەشرى.

2. «م. م. سايرامى» (ۋاھىدجان، ئەسقەرلەر يازغان) «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئوقۇتۇش باشقارمىسى 1982 - يىلى مىق مەتبەئەدە باستۇرغان) . مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشر، 1101 - 1132 - بەتلەر.

3. ئابدۇرېھىم سابىت «مەشھۇر تارىخچى، ئەدىب ۋە شائىر م. م. سايرامى» ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى تومى 2 - قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. 532 - 570 - بەتلىرىدە، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى مىق مەتبەئەدە باستۇرغان، 1984 - يىلى.

4. «م. م. سايرامى» ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس» (غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشرى، 259 - 262 - بەتلەر.

5. «م. م. سايرامى» ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» ، (غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن) ، مەملىكەتلىك ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن دەرسلىك، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى 1992 - يىلى باستۇرغان 528 - 532 - بەتلەر. 1996 - يىلى بېسىلغان نۇسخا، ئىككىنچى قىسىم 618 - 621 - بەتلەر.

6. ئابدۇكېرىم راخمان «م. م. سايرامى» ، ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 3 - توم 800 - 822 - بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشرى.

7. لى گوشاڭ «م. م. سايرامى» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نىڭ 305 - 306 - بەتلىرىدە، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى. 305 - 306 - بەتلەر.

8. شېرىپىدىن ئۆمەر «م. م. سايرامى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى» ، «XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - قىسىم، 1321 - 1366 - بەتلىرىدە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرى.

9. «م. م. سايرامى» (ئابلەت ئۆمەر، مادىيۇەن يازغان) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئابدۇكېرىم رەھمان باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشـ

رى، 546 ـ 550 ـ بەتلەر.

10. ئىمىنجان ئەھمىدى «م. م. سايرامى» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ناماياندىلەر» ناملىق كىتابنىڭ 279 ـ 283 ـ بەتلىرىدە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

11. «م. م. سايرامى ۋە ‹تارىخىي ھەمىدى› » ، «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى شىمالدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» ، (جاڭ بىبو، دوڭ گوياۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) نىڭ 1339 ـ 1340 ـ بەتلىرىدە، خېلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى، خاربىن، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

### Ⅳ م. م. سايرامى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر

1. ئىزىز ساۋۇت «ئاتاغلىق ئۇيغۇر ئالىمى، تارىخچىسى م. م. سايرامى» ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» . 1980 ـ يىلى 3 ـ سان.

2. ئىسمايىل ھاجى «ئۇيغۇر تارىخچىسى م. م. سايرامى» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ، 1981 ـ يىلى 3 ـ سان.

3. ئا. راخمان «مەشھۇر تارىخچى ۋە شائىر م. م. سايرامى» ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1983 ـ يىلى، 3 ـ سان.

4. ئەنۋەر بايتۇر «م. م. سايرامى ۋە ‹تارىخىي ھەمىدى› » ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1984 ـ يىلى 3 ـ سان.

5. جى داچۇن «تارىخچى م. م. سايرامى» ، «شىنجاڭ تارىخىدىكى شەخسلەر» (گۇباۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 2 ـ كىتاب، 1996 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 4 ـ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

6. «م. م. سايرامى» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ، 1987 ـ يىلى 4 ـ سان.

7. ۋەلى «م. م. سايرامى ۋە ئۇنىڭ ‹تارىخىي ئەمىنىيە› ناملىق ئەسىرى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1989 ـ يىلى 2 ـ سان.

8. زومىگدې «م. م. سايرامى ۋە ئۇنىڭ ‹تارىخىي ھەمىدى› ناملىق ئەسىرى» ، «غەربىي يۇرت تارىخىي مۇھاكىمە مەجمۇئەسى» ناملىق كىتابنىڭ 3 ـ قىسمىدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

9. ئابدۇقەييۇم مۇھەممەد ئىمىن «مەشھۇر تارىخشۇناس ئالىم — م. م. سايرامى» ، «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» ، 35 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشرى.

10. بىن سوڭ « ‹تارىخىي ھەمىدى› نىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى» ، «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1994 ـ يىلى 1 ـ سان، خەنزۇچە.

11. مۇھەممەد ئەيسا « ‹تارىخىي ھەمىدى› دىكى ئەخلاق قاراشلىرى توغرىسىدا» ، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ، 1996 ـ يىلى 4 ـ سان.

12. ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان «م. م. سايرامى ۋە ئۇنىڭ تارىخ قارىشى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1998 ـ يىلى 2 ـ سان.

### Ⅴ ئۇچۇر ـ خەۋەرلەر

1. «ئاقسۇدا م. م. سايرامى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 146 يىللىقى خاتىرىلەندى» ، «تارىم» 1986 ـ يىلى 8 ـ سان.

(غەيرەتجان ئوسمان ـ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

# قابىل تەشكىلاتچى، تۆھپىكار ئالىم

ئابلىمىت ئەھەد، دولقۇن ئابدۇللا

2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، رەھىمسىز ئەجەل تېخى 10 ئاي ئىلگىرىلا «دۇنيا مەدەنىيىتىدە نەتىجە ياراتقان مەشھۇر كىشىلەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. چىۋەر تەتقىقاتچى، قابىل تەشكىلاتچى، ئالىم مەمتىمىن يۈسۈپنى خەلقىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئىسسىق باھالىرىنى ۋە رەھمىتىنى ئاڭلاتمايلا ئۆز قوينىغا ئېلىپ كەتتى ... ئالىملار، زىيالىيلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، دوكتور، ئاسپىرانتلار، تەھرىر - تەرجىمانلار، رەھبەرلەر ...... ئۈن - تۈنسىز ھالدا، تاغدەك سالماقنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان جىنازا كەينىدىن ئاستا مېڭىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن، ئېغىر تىنىشلىرىدىن قەلبىنىڭ ئۆرتىنىۋاتقانلىقى، يۈرىكىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

«... بۇ كىشى قىلغان ئىشلارنى،
خېلى كىشىلەرمۇ قىلالمايتتى ...»
«ئۇ ئارام ئالماي ئىشلىگەچكە
ئىگانت قەددى يىقىلدى. ئېست!»

بۇ ئاددىي ۋە ئوبيېكتىپ باھالار، مەرھۇمنىڭ ئاددىي لېكىن ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ساھەسىدە قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئەمگەك مېۋىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ 1927 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ نەزەر باغ يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ يۇرتىدا باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغان. 1943 - يىلى قەشقەر دارىمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1956 - 1958 - يىللىرى ۋە 1981 - يىلى بېيجىڭدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ماركسىزملىق پەلسەپە، سىياسىي - ئىقتىساد سىنىپىدا ئوقۇغان. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئىلى تېخنىكوم مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، «ئۇيغان» گېزىتىدە مۇھەررىر بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ج خ ئىدارىسىنىڭ بىخەتەرلىك بۆلۈمىدە ئۇيغۇرلارنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئىدېئولوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1950 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھاسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئىدى. ئۇنىڭ نام - شەرىپى 1992 - يىلى

12 ـ ئايدا «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر كىشىلىرى» ناملىق قامۇسقا كىرگۈزۈلۈپ تونۇشتۇرۇلغان. 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «دۇنيا مەدەنىيىتىدە نەتىجە ياراتقان مەشھۇر كىشىلەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشىش بىلەن بىرگە «دۇنيا مەدەنىيەت ئەربابلىرى قامۇسى» نىڭ ئالاھىدە مەسلىھەتچىسى ۋە تەھرىر ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. ئۇ يەنە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى.

ئالىم مەمتىمىن يۈسۈپ ئالدى بىلەن چوڭقۇر پىكىر، كەڭ نەزەرلىك تەتقىقاتچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى قېزىشنى نىشان قىلغان. يەككە ھالدا بىرەر ساھەنى تەتقىق قىلىپ، شۇ ساھەنىڭ «بىردىنبىر مۇتەخەسسىسى» دېگەن تاجغا يالغۇز ئىگە بولۇشنى ئۇ زادىلا ئويلاپ قويمىدى. بىرەر ساھە ھەققىدىكى تەتقىقاتنى، ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن ھەرقايسى تەتقىقاتچى زىيالىيلارنىڭ تەتقىق قىلىشىنى، بۇ ئارقىلىق، مۇكەممەل پىكىر سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ۋە شارائىت يارىتىپ بەرگۈچى سەركەردە ئىدى. شۇڭىمۇ، 10 نەچچە يىلدىن بېرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك 47 قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەشەببۇسچىسى، تەشكىللىگۈچىسى ۋە رىياسەتچىسى بولدى.

1950 ـ يىلدىن ۋاپات بولغانغا قەدەر، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم»)، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «بۇلاق»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، «غەربىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ۋە «مىراس» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلى، تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

ئۇ 50 يىلدىن بېرى، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن، ھەقىقەتەن جاپالىق تەر ئاققۇزدى. ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى، چوقۇم خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەتىۋارلىنىدۇ ۋە قەدىرلىنىدۇ.

بىرەر مىللەتنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى، دۇنيا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى قاتارلىقلار، شۇ مىللەتنىڭ تارىخ ـ تەزكىرە ماتېرىياللىرىدىن سىرت مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يادرو قىلغان بولىدۇ. مۇناسىپ ھالدا، شۇ مىللەتنىڭ مىللىي پسىخىكىسى، تەپەككۇر شەكلى قاتارلىقلاردىمۇ گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار دۇنيا مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن، جۇڭگو مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان ئاۋانگارت مىللەتلەرنىڭ بىرى. ۋەھالەنكى، تۈرلۈك تارىخى ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاجايىپ ئىختىرا ـ ئىجادىيەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۈگۈنگە ئۇلىشالمىدى. بىر قىسمى مەسئۇلىيەتچان ئالىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. يەنە بىر قىسمى بولسا، ئەۋلادلارنىڭ قېزىشىنى كۈتۈپ ياتماقتا ئىدى. ئەجداد ئىزلىرىنى ئەۋلادقا ئۇقتۇرۇش، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى مۇقەددەس بىلگەن زور بىر تۈركۈم ئىجتىھاتلىق زىيالىيلىرىمىز قاتارىدا مەمتىمىن يۈسۈپ ئۆز تەتقىقاتىنىڭ يادروسىنى قەدىمكى مىراسلار، ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشقا قاراتتى. ئۇ 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئابدۇ-

رەھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائى قاتارلىق ئالىملار بىلەن بىرگە زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى بۈيۈك نامايەندە — 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسىنى ئۈچ يېرىم يىل ئىشلەپ، 1984 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن يورۇقلۇققا چىقاردى. شۇندىن ئېتىۋارەن ئۆزى بىۋاسىتە ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەن، «تۇنۇگۈن ۋە بۈگۈن»، «تارىخىي ساۋاق»، «بىلىم ۋە زىيارەت»، «بەھرام گۆر»، «دىۋانى مەشھۇر»، «باياز (1)»، «باياز (2)»، «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»، «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن بىر تامچە» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق گېزىت - ژۇرناللاردا 68 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

1992 - يىلىدىن بۇيان، بۇ ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچى ۋە قابىل تەشكىلاتچى ھەر مىللەت ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تەتقىقاتىغا ئائىت 60 نەچچە خىل كىتابنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ بۇ كىتابلارنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ۋە تەھرىر ھەيئەت مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

1986 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇ ئامېرىكا، گېرمانىيە، رۇسىيە، لىتىۋا، ئۇكرائىنا قاتارلىق ئالتە دۆلەتكە چىقىپ، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان ۋە بۇ يىغىنلاردا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر 12 مۇقامى، شۇنداقلا جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، شۇ ئەللەردىكى ئالىملارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن ئىدى.

بۇ زېرىكمەس ۋە تىرىكمەس قابىل تەشكىلاتچىنىڭ تارىخ ئۇنتۇمايدىغان ئەڭ گەۋدىلىك خىزمىتى شۇ بولدىكى، ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىھاتلىق ۋە ئىقتىدارلىق ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ ۋە ئۇلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ جاھانغا مەشھۇر ئىككى بۈيۈك مەدەنىيەت ئابىدىسى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتەك تارىخىي ئەھمىيەتلىك خىزمەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، بۇ مەدەنىيەت ئابىدىلىرىمىزنى مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى. دۇنياۋى شۆھرەت تاپقان بۇ مىراسلىرىمىزنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا ئۇنىڭ تىنىم تاپماي ئىشلىگەنلىكىنى، ھېيت - بايرام ۋە ھەپتىدە بىر كېلىدىغان دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئۇنىڭ خىزمەت ئورۇندۇقىنىڭ دەم ئالمىغانلىقىنى، دۇچ كەلگەن ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش يولىدا شىنجاڭنىڭ بۆلۈك پۇچقاقلىرىدىن تارتىپ مەركەزگىچە نەچچە ئون قېتىملاپ يۈگرەپ ھۆكۈمەتنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاققۇزغان ھالال تەرىنى ھەممە كىشى قەدىرلەيدۇ ۋە قايىل بولىدۇ. دەرۋەقە، ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۈچۈن يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك ئالىيجاناب پەزىلەت ئەلۋەتتە.

تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ ئۆز نۆۋىتىدە، روھىي ئۇرغۇپ تۇرغان، خەلقپەرۋەر شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە «قەھرىمانلارغا» «خائىنلارغا نەپرەت» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرلارنى ۋە «جەنۇبتا زىنداندا» (دراما)، «قاياغدى قانداق» (كومېدىيە) قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلغان. دراما ۋە كومېدىيىلىرى ئەينى ۋاقىتتا سەھنىلەشتۈرۈلگەن. ئازادلىقتىن تاكى 1996 ـ يىلىغىچە ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ 76 پارچە شېئىرى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ھۆرمەتكە سازاۋەر تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ يەنە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يەتتە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ئىغىر ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

شۇنچە كۆپ نەتىجە، ئەمگەك مېۋىسى زادى قانداق قولغا كەلدى؟ شۇنچە كۆپ ۋەزىپىسى، ئىشى تۇرسا، قايسى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى، ئىجادىيىتىنى ئېلىپ بارغاندۇ؟

ئالدى بىلەن، خەلقىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى ئۇنىڭ ئۆلمەس نەتىجىلەرنى يارىتىشىنىڭ ھۆلى، شۇڭا، ئۇ ئۆز ۋاقتى ئۈستىدىن غالىپ كېلەلىدى. نە بىر بايرام، نە بىر دەم ئېلىش كۈنى ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش پۈت ـ قولىنى سوزۇپ يېتىپ، ئۆزۈنىراق ئارام ئېلىپ باققان ئەمەس. سەيلى ـ ساياھەتكە چىقىپ، پۈتكۈل خىزمەت، تەتقىقات ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ ھايات پەيزىنى بەھۇزۇر سۈرگەنمۇ ئەمەس! ھەربىر خۇشاللىق كۈنلەردە، ئازادە رىستۇرانلاردا ئىچىلىپ ـ يايراپ ئويناپ يۈرگەنمۇ ئەمەس، بەلكى، ئۆزىنىڭ ھەربىر كۈننى ئەجرى بىلەن ئۆز قىممىتىگە ئىگە قىلغان، شۇڭمۇ، ئۆز خەلقىگە، ئەۋلادقا يۇقىرىقىدەك، بۈيۈك، ئۆلمەس ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىگەن.

ئالىم، تەتقىقاتچى ۋە قابىل تەشكىلاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ خەلق، ئەۋلاد قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

(ئاپتورلارنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى)

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدىكى ھېكمەتلەر

△ سۇ ئىچمەيدىغان خىش يوق، دان يېمەيدىغان قۇش يوق.

△ قۇرت ئۆزىنىڭ يۇمشاقلىقى بىلەن ھەرقانداق قاتتىق ياغاچنىمۇ يەپ تاشلايدۇ.

△ يىگەن ئىغىز ئۇيۇلىدۇ.

△ يولدىكى تاش قاچانلا بولمىسۇن ھارۋىنىڭ مېڭىشىگە پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

△ ئۆتكەنگە پۇشايمان، بوگۈنگە قانائەتلەنمەسلىك، ئەتىگە ئۈمىد ئىنسان ھاياتىنىڭ فورمۇلاسى.

△ ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىلەرگىمۇ راۋا كۆرمە.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئىككى مەسىلە

قۇربان تۇران

## 1. مۇئەللىپىنىڭ «تۈرك» ۋە «ئۇيغۇر» چۈشەنچىسى

X ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپ-
تىقاد جەھەتتە ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆ-
لۈنۈپ كېتىشى مەھمۇد قەشقەرى ۋەكىللە-
كىدىكى خاقانىيە زىيالىيلىرىنىڭ مىللەت
ـ قوۋم چۈشەنچىسىدە پەۋقۇلئاددە تارىخىي
قىياپەتنى روياپقا چىقاردى. بۇلاردىن ئەڭ
ئالدى بىلەن دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان
ئەھۋال سۆپىتىدە «تۈرك» ۋە «ئۇيغۇر»
ئۇقۇمىنىڭ كەسكىن پەرقلەرگە ئىگە قى-
لىپ ئىشلىتىلىشىدەك ھادىسىسىنى كۆر-
سىتىش مۇمكىن.

مىلادى V ئەسىرلەردىن تارتىپ مۇ-
ئەييەن بىر قوۋمىنىڭ خاس نامى سۆپىتىدە
تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ كەلگەن
«تۈرك» ئاتالغۇسى كېيىنچە تۈركىي تىل-
لاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرگە بىر تۈرلۈك
ئومۇمىي نام بولۇپ قالغانىدى. مەھمۇد
قەشقەرى بولسا بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:
«تۈرك تەڭرى يارلىقۇغۇچى نوھنىڭ ئوغ-
لىنىڭ ئىسمى. بۇ نوھنىڭ ئوغلى تۈرككە
تەڭرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم. ئۇنىڭ
ئەۋلادىمۇ ‹تۈرك› دەپ ئاتىلىدۇ ...
‹تۈرك› سۆزى بىرلىك ھەم كۆپلۈك مە-
نىلىرىدە كېلىدۇ» («دىۋان»، I توم
455 ـ، 458 ـ بەتلەر)؛ «تۈركلەر ئەس-
لىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەم-
مىسى تەڭرى ئىزىز كۆرگەن نوھ پەيغەم-
بەرنىڭ ئوغلى يافەس ۋە يافەسنىڭ ئوغلى
تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ ... ھەربىر تۈرك
قەبىلىسىنىڭ بىرمۇنچە ئۇرۇقلىرى بو-
لۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆ-
زىگىلا مەلۇم ...» («دىۋان» I توم، 37
ـ بەت.)

دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئوت-
تۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ ئومۇمىيلىق
خاراكتېرىگە ئىگە بۇ خىل دۇنيا قارىشى-
نىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدىمۇ
تەكرار كۆزگە چېلىقىشى ئەجەبلىنەرلىك
ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى
كەڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا تېررىتورى-
يىسىدە سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت
جەھەتلەردە غايەت زور روللارنى ئويناۋاتقان
تۈركىي قەبىلىلەرنى «مەن تەڭرىنىڭ دۆ-
لەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇر-
غانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى
ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم.
تەڭرى ئۇلارنى ‹تۈرك› دەپ ئاتىدى ۋە
سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى. دەۋرىمىزنىڭ خا-
قانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان
ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ
قولىغا تۇتقۇزدى» («دىۋان» I توم، 1
ـ 2 ـ بەتلەر) دەپ تەرىپلەۋاتقان ئالىم-
نىڭ «تۈرك» ئۇقۇمىنى نەقەدەر مۇقەد-
دەس كۆرگەنلىكى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇملۇق.
ھالبۇكى، ئالىمنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق توخ-

تالغاندا «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرى-
نى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم.
تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغ-
ما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيە-
لىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن
پايدىلاندىم...» دېگەندىكى «تۈرك» قوۋمى
ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ خاقانىيە تەۋەسىدە
تېزدىن ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا كۆتۈرۈل-
گەن غازات چۇقانلىرى خاقانىيە ئۇيغۇرلى-
رى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدا-
كى ئۆتكىلى بولماس ھاڭنى پەيدا قىلدى.
بۇ ھالنى ئەسەردىكى مۇنۇ بېيىتتىن رو-
شەن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

«پەچكەم ئۇرۇپ ئاتلاقا،
ئۇيغۇرداقى تاتلاقا.
ئوغرى ـ ياۋۇز ئىتلارقا،
قۇشلار كەبى ئۇچتىمىز».

(مەنىسى: ئاتلارغا بەلگە تاقاپ، ئۇي-
غۇر ئېلىدىكى تاتلارنىڭ يەنى ياۋۇز ئىتلار-
نىڭ ئۈستىگە خۇددى قۇشتەك ئۇچۇپ بار-
دۇق. «دىۋان» I توم. 630 ـ بەت).
بۇ خىل ھاڭنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ
«ئۇيغۇر» چۈشەنچىسىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە
ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتتى. مانا مۇشۇن-
داق تارىخىي شارائىتتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ
سۆز دۇنياسىنى بايان قىلىش ئۈچۈن يې-
زىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇي-
غۇر» چۈشەنچىسى پەرقلىق بايان قىلىن-
دى. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئاپ-
تورنىڭ خاقانىيە تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلار-
نى «تۈرك» دېگەن بىرلىك شەكىلدە يې-
زىپ، ئۇلارنىڭ تەڭرى ئەزىزلىگەن قوۋم
ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى؛ قوچۇ ئۇيغۇرلى-
رىنى بولسا «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى
«ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار» («دىۋان» I
توم 152 ـ بەت) دەپ تەسۋىرلىدى. شۇڭا
«ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە
يېقىنلاشقاندا، تۈركلەر خاقانى ئۇنىڭغا
قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن» دېگەن-
دەك («دىۋان» I توم 151 ـ بەت) ئىن-
چىكە پەرقلەندۈرۈلگەن بايانلارنى پۈتكەن
ئىدى. ئەمما ئىلىمگە يۈكسەك مەسئۇل-
يەتچان بۇ ئالىم ئەشەددىي رەقىب ھېساب-
لىنىدىغان بۇ قوۋم ھەققىدە «ئۇيغۇرلار-
نىڭ تىلى ساپ تۈركچە، ... ئۇيغۇرلار كى-
تابىنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24
ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قول-
لىنىدۇ» دەپ بۇ ئىككى تارماق ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خەلق ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر دەل ئۇيغۇر
تىلى ھەققىدە پۈتۈلگەن قامۇسقا «ئۇيغۇر»
نامى ئىشلىتىلمەستىن «تۈرك» ئاتالغۇ-
سىنى ئەسەر نامى قىلىپ تاللىۋېلىشنى
بەلگىلىگەن ئىدى.

خۇلاسە: «دىۋان» دىكى «تۈرك» ئا-
تالغۇسى تار مەنىدە كەلگەندە خاقانىيە ئۇي-
غۇرلىرىنى، كەڭ مەنىدە ئىسلامنى قوبۇل
قىلغان بارچە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى
كۆرسەتسە، «ئۇيغۇر» نامى ئىسلامنى قو-
بۇل قىلمىغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى ۋە
ئىدىقۇت رايونىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتورنىڭ
دۇنيا قارىشىدا «ئۇيغۇر» — ئۇقۇم جە-
ھەتتىكى تەرتىپتە «تۈرك» تىن بىر دەرىجە
تۆۋەن تۇرىدۇ.

## 2. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى

ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ 840 ـ يې-
لىدىكى تارىخىي كۆچۈشى ئارقىسىدا كې-
لىپ چىققان مەدەنىيەت ئىسلاھاتلىرىنىڭ
بىر مۇھىم مەزمۇنى ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر-
لارنىڭ سوغدى يېزىقىغا ئاساسەن «قەدىم-
كى ئۇيغۇر يېزىقى» (回鹘文) نى ئىجاد
قىلىش، دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ھالبۇ-

كى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى «ھەممە تۈركىي تىللاردا قوللىنىلىدىغان ئاساسىي ھەرپلەر 18. تۈركىي يېزىق شۇ ھەرپلەردىن تەركىب تاپىدۇ» («دىۋان» I توم 8 - بەت) دەپ ئالاھىدە يوسۇندا بىر بىرلەپ يېزىپ كۆرسىتىش بۇ ھادىسىدىكى باشقىچە ئۇچۇرلارنى ئالاھىدە دىققىتىمىزگە سۇنىدۇ.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا غايەت زور رولىلارنى ئوينىغان سوغدىلار ئورقۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا دىنىي پەلسەپە ئېلىپ كەلگۈچى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھالىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكۈچى قوۋم بولۇپلا قالماستىن يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ھالەتتىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلىشىغا بىۋاسىتە مەنبە بولغانىدى. ئەمما ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۈچ خىل يېزىقتا يېزىلغان «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» دىن باشقا سوغدىچە يېزىقتا پۈتۈلگەن يادىكارلىقلارنىڭ بايقالماسلىقى ئىلىم ساھەسىنى بىر مەھەل «ئۇيغۇرلار ئورقۇن ۋادىسىدا قەدىمكى تۈرك، رۇنىك يېزىقىنى ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلەنگەن» دېگەن قاراشقا ئېلىپ بارغان ئىدى. يەنە كېلىپ سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تۇرپان تېكىستلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى «تۆھپە» نوقۇل قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ قىلىپ قويۇلغانىدى.

ھالبۇكى، مۇسۇلمان بولمىغان قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا بولغان باشقىچە قارىشىنى شۇنچە روشەن ئىپادىلىگەن ئالىم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى «ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقىنى قوللىنىدۇ. كىتاب ۋە خەت - چەكلىرىنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ» («دىۋان» I توم. 40 - بەت) دېگەن بايانلىرىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن خاقانىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوخشاش يېزىق ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئىشارە قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى» دېمەستىن تەكرار قىلىپ «تۈركىي يېزىق» دەپ ئاتىشى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ھەققىدە توختالغاندا مەھمۇد قەشقەرى: «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن» دەيدۇ. («دىۋان» I توم. 11 - بەت) مۇئەللىپنىڭ بۇ بايانلىرىدىن خاقانىيە ئۇيغۇرلىرىدا مۇئەللىپ ياشىغان زامانلاردا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تېخى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتمىگەنلىكىنى ھەم قىياس قىلىش مۇمكىن.

خۇلاسە: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» ئۇيغۇرلار ئېتىقاد جەھەتتە تېخى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتمىگەن ئورقۇن ۋادىسىدىكى زامانلاردىلا سوغدىلارنىڭ يېزىقىنى ئۈلگە قىلىپ تۇرۇپ ئىجاد قىلىنىپ بولغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئاندىن كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشكە مۇۋاپىق بولۇپ، ئىلگىرىكى تار دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى)

# XIX ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى شائىرەلەر

ھاجىگۈل ئوسمان، ئايگۈل ئوسمان

XIX ئەسىردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللەپ ياشنىغان بىر تارىخىي باسقۇچقا كىردى. بۇنىڭدا ئاياللارنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بار. تۆۋەندە قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يازغان ۋە ئاغزاكى قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ شۇ دەۋر ئەدەبىياتىغا ھەسسە قوشقان بىر قىسىم شائىرەلەر ۋە قوشاقچىلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

مۇترىبە: رۇسىيىلىك شەرقشۇناسلاردىن ك. ئا. بورفكوف «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقان ئورنى» ناملىق ماقالىسىدا «ئۆتكەن دەۋرلەردە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا يازغۇچىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. پەرغانىدە ياشىغان مۇترىبە دېگەن كاشغەر شائىرەسى ئۆز زامانىسىدا مەشھۇر ئىدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن مۇترىبەنىڭ داڭلىق بىر شائىر ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

زۇمۇرەد: بۇ شائىرە خوتەندە ئۆتكەن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ شېئىرلىرى خوتەندىن تېپىلغان، شۇنداقلا خوتەندە يېقىنقى يىللارغىچە زۇمۇرەدنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ يۈرگەن كىشىلەر بولغان. ئىلمىي خادىملار بۇ شائىرەنىڭ شېئىرىنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا قاراپ ئۇنى XIX ئەسىردە ياشىغان دەپ ھېسابلاشتى. زۇمۇرەدنىڭ بىر پارچە شېئىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «باياز» ناملىق توپلامنىڭ 1 - قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، 1995 - يىلى نەشر قىلىندى.

ئەسىرى: بۇ شائىرەنىڭ شېئىرلىرىمۇ خوتەندىن تېپىلغان ھەم ئۇنىڭ بىر شېئىرىدا «تاخوتەن شەھىرىگە كەلدىم ساكىن ئولدۇم باغ ئارا» دېگەن مىسرالار بار. بۇنىڭدىن شائىرەنىڭ خوتەننىڭ باشقا يېزىلىرىدىن ياكى قەشقەرنىڭ باشقا جايلىرىدىن خوتەن شەھىرىگە كەلگەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئەسىرنىڭ خوتەن شەھىرىدە ياشىغانلىقى ئۇقۇلىدۇ. ئەسىرنىڭ شېئىرلىرى بىلەن زۇمۇرەدنىڭ شېئىرلىرى بىر يەردىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەلگىلىك مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك. شائىرەنىڭ شېئىرلىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىلى 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

نۇزۇگۇم (?1808—1827) : ئەسلىي ئىسمى چولپانگۈل. قەشقەر شەھىرىدىن. 1826 - يىلى پارتلىغان مىللىي زۇلۇمغا قارشى خەلق ئاممىسىنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتىنىڭ بۇ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قەشقەردىن ئېلىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، تەلبە ئەمەلدارغا مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا بۇيرۇلغان. قاتتىق دەرت - ئەلەمدىن دەرغەزەپكە كەلگەن نۇزۇگۇم قولىغا قورال (پىچاق) ئېلىپ، زالىم ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، شەھەر-

دىن چىقىپ، دالىدىكى قومۇشلۇقتا قېچىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ھاياتىنى باشلايدۇ ھەم ئۆزىگە ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن يالقۇنلۇق شېئىر - قوشاقلىرىنى ياڭرىتىدۇ. ئۇنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى خەلق ئاممىسى ئارقىلىق تەرەپ - تەرەپكە تارايدۇ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ تىللاردا داستان بولىدۇ. خەلقنىڭ ياشاش ئىرادىسىگە ئىلھام بېغىشلايدۇ. نۇزۇگۇم قومۇشلۇقتا بىر مەزگىل جاپالىق ياشاپ، ھېچقانداق باشپاناھ ۋە يۆلەنچۈككە ئېرىشەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا تۇتۇۋېلىنىپ، جاللاتلارنىڭ قولىدا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قوشاقلىرى خەلق ئارىسىدا داستان شەكلىدە تارقالغاندىن باشقا، مەشھۇر شائىر موللا بىلال (1824—1899) «نۇزۇگۇم» نامىدا داستان يېزىپ، بۇ جەڭگىۋار ۋە قەھرىمان ئايالنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازىنى مەڭگۈلەشتۈردى.

مايىمخان (1812—1840): غۇلجىنىڭ قەدىمكى دادامتۇ «نورۇز كوچىسى» دا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئىلى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن بىرقانچە قېتىملىق ھەققانىي خەلق ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ تارىخنى ئىلگىرىلىتىدىغان پائالىيەتلىرىنى ئۇلغايتقان. ئۇ يەنە بىر قاتار جەڭگىۋار شېئىر - قوشاقلارنى توقۇپ ۋە مەردانىلىق بىلەن ئوقۇپ، ئادالەتسىزلىكنى قارىلىغان، زۇلۇم - ستەم ۋە خورلۇقتا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن، ھۆرلۈك ۋە يورۇقلۇققا ئىنتىلىش ئارزۇسىنى يۈرەكلىك بايان قىلغان.

ئاخۇنئاغىچا: XIX ئەسىردە خوتەندە پارتلىغان خەلق ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى ئابدۇراخمان خان خوجا (1833—1863) نىڭ ئانىسى، چېۋەر قوشاقچى. ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا قەھرىمانلىق ۋە خەلقچىللىق مەدھىيىلەنگەن. زۇلمەتلىك زاماندىن زارلىنىپ، ھەسرەت - نادامەتنى تولۇق ئىپادىلەش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئاخۇنئاغىچا شېئىرلىرى چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنغان. بىزدىمۇ نەشر قىلىندى.

سارىخان بانۇ (1835—1865): خوتەندە تۇغۇلۇپ، يەركەندە ۋاپات بولغان خەلق ھەرىكىتىنىڭ جەڭگىۋار ۋە جاسارەتلىك ئىشتىراكچىسى ۋە داڭلىق قوشاقچى. ئۇنىڭ چىن ھېسسىياتقا باي ئوتلۇق شېئىرلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. بىر قىسىم شېئىرلىرىنى رۇسىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس رادلوۋ ئۆزىنىڭ ئەسىرىنىڭ VI تومىدا ئېلان قىلغان.

ھەمرابىبى: كۆزگە كۆرۈنگەن خەلقچىل زات ۋە شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ (1815—1901) نىڭ ئانىسى، ئوقۇمۇشلۇق، قەيسەر ئايال، قەشقەرگە تەۋە ئاتۇشتا تۇغۇلغان ھەم جەڭگىۋار قوشاقلىرى بولغان. مەھمۇد ھېكىمبەگ ئانىسىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىلھامى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن چوڭقۇر مەنىگە باي شېئىرلارنى «ھەمرايى» تەخەللۇسى بىلەن يازغان.

سۇمانىخان: غۇلجىدا ياشىغان. 1820 - يىللىرى ئىلىدا بەگ بولۇپ تۇرغان خالزات ھېكىمنىڭ ئاچىسى، نۇرزات بەگنىڭ ئايالى. سۇمانىخان قوشاقچى بىر ئايال بولۇپ، قىزى مېھرىبانۇنى قۇمۇل ۋاڭى بېشىرنىڭ نىكاھىغا بېرىدىغان چاغدا بىر قاتار قوشاقلارنى ئوقۇغان بولۇپ، بۇلار ئىلى ۋە قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭرى تارقالغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا جۇدالىق، پىراق، ھەسرەت، مېھرىبانلىق، سېغىنىش قاتارلىق ئاياللىق ھېسسىيات قويۇق

ئىپادىلەنگەن.

مېھرىبانۇم: ئىلىدا تۇغۇلغان دادىسى نۇرزات بەگ، ئانىسى سۇمانىخان. مېھرىبانۇم دادىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن كىچىككىدە كلاسسىك مۇزىكا، ئەدەبىياتنى ۋە بىرقانچە تىللارنى ئۆگەنگەن. شېئىرىيەتنىڭ قوشاق ژانىرىغا قىزىققان. 1825 ـ يىلدىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭى بېشىرگە ياتلىق قىلىنىپ قۇمۇلغا بارغان. 1867 ـ يىلى بېشىر ۋاڭ قازا قىلىپ، ئوغلى غولام مۇھەممەد ۋاڭلىققا تەيىنلەنگەن. بىراق ئۇنىڭ كۆزى ئەما ھەم تۇغما پالەچ بولۇپ، كونكرېت خىزمەت بېجىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەلىي ھوقۇق مېھرىبانۇمنىڭ قولىدا بولغان. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى 1869 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يارلىق چۈشۈرۈپ، مېھرىبانۇمغا «چىڭ ۋاڭ فۇجىن» (چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋاڭى ئېسىلزادە خېنىم) دېگەن نامنى بەرگەن. تەخمىنەن 1878 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان. مېھرىبانۇم بەگلەر جەمەتىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئائىلە ئايالى ئىدى. كېيىنچە رېئال ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن يۇقىرى مەنسەپ ئورنىغا چىقىپ سىياسىئونغا ئايلانغان. شۇنداقلا قەھرىمان ۋە ۋەتەنپەرۋەر بىر ئايال سۈپىتىدە قۇمۇل رايونىنىڭ مۇقىملىقى ھەم گۈللىنىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. مېھرىبانۇمنىڭ قوشاقلىرى ھېسسىياتلىق، جۇشقۇن، تەسىرلىك بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ كەلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە قوشاقچىلارمۇ ئۆتكەن. بۇ شائىرەلەرنىڭ شېئىر ـ قوشاقلىرىدا خىلمۇخىل تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىپادە قىلىنغان. ئۇلار شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئورۇندا تۇرىدۇ.

(ھاجىگۈل ئوسمان: قەشقەر شەھەر 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ.

ئايگۈل ئوسمان: «پارتىيە ئىستىلى» ژۇرنىلى، تەھرىر بۆلۈمى)

## ماقال ـ تەمسىللەر

△ ھەركىم ئۆز غېمىدە، قېرى قىز ئەر غېمىدە.

△ خان يۆتكەلسە جاھان ئۆزگىرىدۇ.

△ ئارپا ـ بۇغداي ئاش ئىكەن، ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن.

△ ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ.

△ دۆلەت قۇشى قونسا چىۋىن باشىغا، سۇمرغ كېلەر كۈندە ئۇنىڭ قاشىغا.

△ سۇ كەلمەستە توغان تۇت.

△ ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت.

△ يالغۇزنىڭ يارى خۇدا.

△ يامان بىلەن يول يۈرسەڭ يېرىم يولدا قالىسەن.

△ ئۆزى پىلدەك، كۆڭلى قىلدەك.

# تاتار خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى — سابان تويى

ئېلشات دولات

ئەمگەكچان، پاراسەتلىك تاتار خەلقى ئىشلەشنىمۇ، دەم ئېلىشنىمۇ بىلىدۇ.

سابان تويى — تاتار خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى ئەمگەك بايرىمى. سابان تويىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا «ساپان تويى» بولىدۇ. خەنزۇچە تەرجىمىلەردە « 犁土节 » دېيىلىدۇ. نېمىشقا بۇ بايرامغا «ساپان» نامى بېرىلگەن؟ تاتار مىللىتىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا نەزەر سالساق بۇنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئورتاق جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىغا ئۇيغۇن هالدا قەدىمكى تاتار قوۋملىرىمۇ كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش فورماتسىيىسىدىن تەدرىجىي هالدا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان - ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش فورماتسىيىسىگە كۆچكەن. بۇ قوۋملەر تەدرىجىي هالدا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئاخىرى، يەرنى گۇرجەك جوتۇ، تىرنا بىلەن ئاغدۇرۇش ئورنىغا ساپاننى ئىجاد قىلدى. بىز بىلىمىز؛ هەرقانداق بىر تارىخىي شەخسنى، تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋە ياكى ئىجاد قىلىنغان بىرەر ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى باهالاشتا، شۇ تارىخىي شارائىتتا ئوينىغان رولى - ئورنىغا قارايمىز. ئەلۋەتتە بۇ ئوبيېكتىپ باها بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك، ساپاننىڭ ئىجاد قىلىنىشى، قەدىمكى تاتارلار جەمئىيىتىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى تەرەققىيات تارىخىدا بىر ئىنقىلابى يېڭىلىق دېيىشكە بولىدۇ. ساپان شۇ تارىخىي دەۋرگە كۆرە ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. دېھقانچىلىقتا ساپان ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى قىسقارتىلدى، تېرىقچىلىق مەيدانى هەسسىلەپ كېڭەيتىلدى، يەر چوڭقۇر ئاغدۇرۇلغانلىقتىن مەهسۇلات زور دەرىجىدە ئارتتى. ئەمگەك كۈچى تېجەلدى. تاتار خەلقى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى بۇ غەلىبىگە تەنتەنە قىلىپ ئۇنى ئالاهىدە بايرام تۈسىگە كىرگۈزدى، هەمدە بۇ بايرامغا ئەتىۋارلىق قورالى ساپاننىڭ نامىنى قويۇپ، «سابان تويى» دەپ ئاتىدى. ئەنە شۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ هازىرغىچە تاتار خەلقى هەر يىلى سابان تويى بايرىمىنى ئۆتكۈزىدۇ.

بۇ بايرام ئادەتتە هەر يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەمما هەرقايسى رايوننىڭ هاۋارايى شارائىتىگە قاراپ، مەلۇم كۈن ئالدىغا ياكى كەينىگە سۈرۈلىدۇ. تاتار خەلقى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشى-

نى تاماملاپ، ماللارنى تۆللىتىپ بولغان-
دىن كېيىن، كۈزلۈك يىغىم ئارىلىقىدا،
بىر قەدەر بوش ۋاقىتلىرىدا «سابان بايرى-
مى» قىلىدۇ. بۇ مەزگىل بىر يىل ئىچىدە
كۈندۈزنىڭ ئەڭ ئۇزارغان، كۈن ئىس-
سىپ، تەبىئەت بۈك - باراقسان بولغان،
سۈت - قېتىق، قېمىز مولچىلىق، پاقلان-
لار سەمرىپ، ئۆي قۇشلىرى يېتىلىپ
قالغان، يېمەك - ئىچمەك باياشات بولغان
بىر مەزگىل بولۇپ تاتار جامائىتى ئورمان
- سۇ بويلىرىدىن مەنزىرىلىك بىر ئورۇننى
تاللاپ، سەھەر تۇرۇپ يۇيۇنۇپ، بايراملىق
ئېسىل مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ، تەي-
يارلىغان ئەڭ مەززىلىك يېمەك - ئىچ-
مەكلىرىنى ئېلىپ، قېرى ياش، ئەر -
ئايال، ھەممىسى (مەھەللىلەردە ئاساسەن
ئادەم قالمايدۇ) . ، بېزەلگەن خادۇك -
ئات ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ، ناخشا -
مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە توي مەيدانىغا ئات-
لىنىدۇ. ئۇ جايغا بارغاندىن كېيىن ھەر-
بىر ئائىلە ئۆزلىرى تاللىغان بىر ئورۇنغا
بېرىپ، گىلەم - پالاس، كۆرپىلىرىنى
سېلىپ، ساماۋارنى قايناتىپ، داستىرخان
سېلىپ مەززىلىك مىللىي تائاملىرىنى تى-
زىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى تائاملانسا،
بىر تەرەپتىن مېھمانلارنىڭ ھېيتلاپ كېلى-
شىنى كۈتۈپ تەييارلىنىدۇ. چۈش مەزگى-
لىدە جامائەت مەركىزى مەيدانىغا توپلى-
شىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە
پائالىيەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز
داستىرخانلىرىغا قايتىپ ئۆزئارا ھېيتلى-
شىدۇ، مۇڭدىشىدۇ. گارمونغا تەڭكەش
قىلىپ جىرلىشىدۇ. ئورماننىڭ ھەممە يې-
رىدە مۇزىكا - ناخشا ئاۋازى ئۈزۈلمەي
پۈتۈن ئورماننى چاڭ كەلتۈرىدۇ. تا قا-
راڭغۇ چۈشكىچە ئويناپ ئاندىن تارقىلىشى-
دۇ. بۇنىڭ داۋامى سۈپىتىدە بىر ھەپتىگى-
چە بايرام قىلىپ ئائىلىلەردە ئۇرۇق -
تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر ئۆزئارا ھېيتلى-
شىپ بايرام ئوينايدۇ.

«سابان تويى» پائالىيەتلىرى ئاسا-
سەن، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە
ھەرىكەتلىرى دائىرىسىدە بولىدۇ. مەسى-
لەن: ئەدەبىيات سەنئەت جەھەتتە ناخشا -
ئۇسسۇل، شېئىر ئوقۇش، دېكلاماتسىيە،
قىزىقارلىق يۇمۇر ئانگدوت (لەتىپە) لەر
بولۇپ، ھەممىسىگە مۇناسىپ ھالدا گار-
مون، گىتار، بالالايكا، ماندالىن، سۇنەي
قاتارلىق مۇزىكىلار ماسلاشتۇرۇلىدۇ.
ئۆسمۈرلەر - ياشلارغا يېشىغا لايىق تې-
پىشماق قاتارلىق زېھىن سىناش مۇسابىقى-
لىرى تەشكىللىنىدۇ.

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ تۈرى
كۆپ. مەسىلەن، ئات بەيگىسى، ئوغلاق
تارتىش، چېلىشىش، سىلىق موما ياغاچقا
يامىشىپ چىقىپ ئۇچىدىكى مۇكاپاتنى ئې-
لىش، قوشۇقتا تۇخۇم تۇتۇپ، سابىغىنى
چىشلەپ يۈگۈرۈش، بىلىگىچە تاغار كېيى-
ۋېلىپ يۈگۈرۈش، بىر قىز بىر ئوغۇلنىڭ
بىردىن پۇتىنى جۈپلەپ باغلاپ يۈگۈرۈش،
5 - 10 كىلوگراملىق ئىككى چېلەكتە سۇ
توشتۇرۇپ، ئىككى قولىنى مۈرىسى بىلەن
تەڭ قىلىپ، سۇنى تۆكمەي يۈگۈرۈش،
بىر چىنە قېتىق ئۈستىگە قويۇلغان مېتال
تەڭگىنى چۆكتۈرۈۋەتمەي ئاغزى بىلەن
چىشلەپ ئېلىۋېلىش قاتارلىق مۇسابىقە ئو-
يۇنلىرى بولىدۇ. بۇ يەردە بىر نۇقتىنى
ئەسكەرتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، تاتار
ئائىلىرىدە «ھېنكمەك تۇز، ئۇچۇق يۈز»
دېگەن بىر تارىخىي ئەنئەنە بار، ئۇنىڭ مە-
نىسى، مېھمانغا كۆپ ھەشەمەت قىلالمىساڭ-
مۇ، قۇرۇق نان بىلەن تۇزۇڭنى ئۇچۇق
يۈزۈڭ بىلەن بەرسەڭمۇ كۇپايە دېمەكتۇر.

سابان تويىنىڭ چوڭ داغدۇغىلىرى ئا-
ساسەن تاماملانغاندىن كېيىن، جامائەت
مەركىزى مەيدانىغا يىغىلىپ، مۇبارەك نۇ-

تۇقلاردىن كېيىن، بىر كۈنلۈك پائالىيەت-
لەرگە مۇكاپات تارقىتىلىدۇ. سەنئەت ـ
ئەدەبىيات، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە ئەلا-
چى بولۇپ ئۇزۇپ چىققانلارغا تاتار خەلقى-
نىڭ «قۇت نىشانى» بولغان ئاققاشقا قوش-
قار (بوينىغا قىزىل لېنتا باغلانغان)،
ئىككىنچىلىرىگە ئات، بۇقا (ھازىرقى زا-
مانىۋى ئەللەردە مەشھۇر ماركىلىق ماشى-
نا) ياشلارغا كىيىم ـ كېچەك، ئوقۇش
ئەسۋابلىرى، ئۆسمۈر بالىلارغا رىغبەتلەن-
دۈرۈش مۇكاپاتلىرى تارقىتىلىدۇ. ھەر-
ھالدا يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلار
كىچىكرەك بولسىمۇ «سابان تويى» خاتىرە
مۇكاپاتىغا ئىگە بولىدۇ.

بىزنىڭچە تاتار سابان تويىنىڭ بىر
قانچە ئالاھىدىلىكى بار؛

1. سابان تويىنىڭ تارىخىي ئۇزۇن،
يىراق ئۆتمۈشلەردىكى تاتارلارنىڭ ئەڭ
دەسلەپكى ئولتۇراقلىشىش — دېھقانچى-
لىق ئىگىلىكىگە كۆچۈش دەۋرلىرىگە تۇ-
تىشىدۇ. مەشھۇر ئىدىل، ۋولگا، قاما
دەريا بويلىرىدىكى تاتارلار بۇلغار دۆلىتى
مىلادى 922 ـ يىلى ماي ئېيىدا باغدات
خەلىپىلىگىنىڭ ئوردا ۋەكىللەر ئۆمىكى
كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن تاتارلار ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلىپ، رەسمىي دۆلەت دى-
نى قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن خېلى زامانلار ئىل-
گىرىلا تاتارلار ئارىسىدا «سابان تويى» ئو-
مۇملىشىپ بولغانلىقى مەلۇم.

2. «سابان تويى» پەقەت تاتار مىللى-
تىگىلا خاس. دۇنيانىڭ بۇلۇڭ پۇشقاقلى-
رىدا، قانچىلىك تاتار بولۇشىدىن قەتئىي-
نەزەر، ئۇلار ھازىرغىچە بۇ مىللىي بايرى-
مىنى ئۇنۇتماي ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ
كېلىۋاتىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا تۈركى-
يىدە، فىنلاندىيىدە، بۇلغارىيىدە، رۇمى-
نىيىدە، گېرمانىيىدە، ئامېرىكىدا ...
قىسقىسى تاتارلارنىڭ قەدىمى يەتكەن دۆلەت

رايونلارنىڭ ھەممىسىدە «سابان تويى»
ئۆتكۈزىدۇ. رۇسىيە فېدېراتسىيىسى تاتا-
رىستاندىن تاشقىرى موسكۋا، لېنىنگرات
قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى تاتارلار بۇ
بايرامنى چوڭ داغدۇغا بىلەن تەبرىكلەپ
كېلىۋاتىدۇ. تاتارىستاندا بولسا «سابان تو-
يى» پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك كالىن-
دارلىق بايرامغا ئايلانغان بولۇپ، ھەممە
مىللەتلەر بىرلىكتە تەبرىكلىشىدۇ. بۇ يىل
24 ـ ئىيۇندا تاتارىستان ـ قازاندىكى سا-
بان تويىغا رۇسىيە زۇڭتۇڭى پوتىن مەخ-
سۇس بېرىپ قاتناشتى.

3. سابان تويى دىنىي بايرام ئەمەس،
بەلكى ئۇ ئەمگەك بايرىمى، تاتار دېھقانلى-
رىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ غەلىبىسىگە
بولغان تەنتەنىسى كۈزلۈك يىغىمدا مول
ھوسۇل ئېلىش ئۈمىد ـ ئارزۇسى ئىپادى-
لەنگەن. دەر ھەقىقەت ئىسلامىيەتتىن ئىل-
گىرى ھەم كېيىن ئاۋام خەلقىنىڭ بەزى
دىنىي ھېسسىياتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىنى
تامامەن نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولماي-
دۇ. ئەمما تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا
يەنىلا ئەمگەك بايرىمى. شۇنى ئېيتىش كې-
رەككى سابان تويى كېلىپ چىقىشى، تەش-
كىللىنىشى جەھەتتە دېھقانلار بايرىمى بول-
غان بىلەن ھازىر تاتار مىللىتىنىڭ ھەممە
كەسىپ ساھەلىرىگە ئورتاق بولغان مىللىي
بايرام بولۇپ قالدى.

4. ئىتتىپاقلىق بايرىمى. «سابان
تويى» مەزگىلىدە خىزمەت ئالدىراشچىلىق
ياكى ئارىلىق يىراق بولۇش تۈپەيلىدىن
كۆرۈشەلمىگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ ـ
قېرىنداشلار بىر داستىخاندا جەم بولىدۇ.
ئۆزئارا ئاداۋەتلىشىپ قالغانلارمۇ بايرام
مۇناسىۋىتى بىلەن يۈزتۇرانە بولۇشۇپ بىر
ـ بىردىن ئەپۇ سورىشىدۇ. ئۇچراشمىغان
ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ، دوستلۇق ئور-
نىتىدۇ، ياش قىز ـ يىگىتلەر تونۇشۇپ

# ئوسمان ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىرى (ماتېرىيال)

ئوسمان ئىمپېراتورلۇقى مىلادى 1299 ـ يىلىدىن 1922 ـ يىلىغىچە 623 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، بۇ جەرياندا جەمئىي 36 پادىشاھ ئۆتكەن. بۇ پادىشاھلار ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرگىنى سۇلتان سۇلايمان (1520 — 1566) بولۇپ 46 يىل، ئەڭ قىسقا ھاكىمىيەت سۈرگىنى مۇرات V (1876 — 1876) بولۇپ، پەقەت 93 كۈن سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان. ياۋۇز سۇلتان سەلىم (1512 — 1520) دىن ئېتىبارەن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئەينى زاماندا «خەلىپىلىك» دېيىلەتتى. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان غازى (1299 — 1324) دىن ئەخمەد I (1603—1617) گە قەدەر سەلتەنەت تەختىگە پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋارىسلىق قىلغان. مۇستافا I (1617 — 1618/1622 — 1623) دىن باشلاپ ئىمپېرىيە تەۋەلىكىدىكى ئىقتىدارلىق، قابىل سەركەردىلەر تاللىنىپ پادىشاھلىققا كۆتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ياش جەھەتتە ئەڭ چوڭ مەخمەد رىشاد (1909—1918) بولۇپ، 65 ياش. ئەڭ كىچىكى مەخمەد IV بولۇپ يەتتە ياش ۋاقتىدا پادىشاھ بولغان. بۇ پادىشاھلار ئىچىدە پەقەت مۇراد خۇداۋەردىگار (1362 — 1389) جەڭ مەيدانىدا شېھىت بولغان. ئوسمان II (1618 — 1622)، سەلىم III (1789—1807) ۋە ئابدۇلئەزىز (1861 — 1876) لەر باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئىبراھىم (1640—1648) ۋە مۇستافا IV (1807—1808) لەر كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن. فاتىخ سۇلتان مەخمەد (1451 — 1481) زەھەرلىنىپ ئۆلگەن. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئالتە پادىشاھىنىڭ قەبرىسى تۈركىيىنىڭ بورسا شەھىرىدە، قالغان 29 پادىشاھنىڭ قەبرىسى ئىستانبۇلدا، پەقەت مەخمەد VI نىڭ قەبرىسى شام شەھىرىدەدۇر.

بۇ پادىشاھلارنىڭ ئىسمى ۋە سەلتەنەت سۈرگەن يىلنامىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئوسمان غازى (1299—1324)
2. ئورخان غازى (1324—1362)
3. مۇرادخۇداۋەردىگار (1362—1389)
4. يىلدىرىم بايازىد (1362—1389)
5. فىترەت دەۋرى (1402—1413)
6. چەلەبى مەخمەد (1413—1421)

(داۋامى 40 ـ بەتتە)

ئۆمۈرلۈك جورا تاللىشىدۇ. سابان تويىدا ئەزەلدىن ئارىلاش ـ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر بۇ بايرامنى بىرلىكتە قۇتلۇقلىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۆملۈك بايرىمى ھېسابلانغان.

(ئېلشات دولات ـ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

# مۇقەددەس قەبرىگاھ، تەۋەرۈك سەيلىگاھ

## ـ مۇقامشۇناس، شائىرە، خانىش ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھى توغرىسىدا

مۇھەممەت مۇسا

XVI ئەسىردە ياشاپ ئۆچمەس تۆھپە قالدۇرغان، ئۇلۇغ مۇقامشۇناس، شائىرە، خانىش ئامانىساخاننىڭ مۇقەددەس قەبرىگاھىغا ھۇل سېلىش مۇراسىمى 1991 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى داغ ـ دۇغا ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى پۇختا ئىشلەندى.

1992 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۇ قەبرىگاھ قۇرۇلۇشىغا رەسمىي ئىش باشلاندى. ماھىر ئۇستىكارلار ۋە ئىنژېنېرلارنىڭ بارلىق زېھنى كۈچىنى سەرپ قىلىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جىددىي ئىشلىشى ئارقىلىق قەبرىگاھ شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پۈتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى، ئالىملار، تەتقىقاتچىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ نۆۋەتلىك مۇقام تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى يەكەندە ئۆتكۈزۈلدى.

كۈمۈشتەك يالتىراپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك قەبرىگاھ يەكەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قەبرىگاھ قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ۋە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنگە قەدەر، ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ھەتتا چەت ئەللەردىن كەلگەن 5000 دىن ئارتۇق ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى.

قەبرىگاھنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۈچۈن 529 مىڭ 678 يۈەن 34 پۇڭ سەرپ قىلىندى.

ئامانىساخان قەبرىگاھىنىڭ شىمال تەرىپىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلار قەبرىستانلىقى ئالتۇن مازار بار. جەنۇب تەرىپىنى ئالتۇن مەكتەپ، غەرب تەرىپىنى يول (ئالتۇن دەرۋازا)، شەرق تەرىپىنى ئالتۇن كۆل ئوراپ تۇرىدۇ. قەبرىگاھ «ئالتۇن» نامى بىلەن ئاتالغان مەشھۇر ئورۇنغا جايلاشقان.

قەبرىگاھ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇيغۇر مىللىتى بىناكارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبىدا ياسالغان بولۇپ، يەر ئاستى قەۋىتى (شام گۆر قىسمى)، 1 ـ، 2 ـ قەۋەت، 3 ـ قەۋەت (گۈمبەز قىسمى) دىن ئىبارەت.

قەبرە يەر يۈزىدىن 17 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، قەبرىگاھنىڭ تۈۋرۈك ۋە گۈمبەزلىرى بىر گەۋدىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن ئىمارەتنى ناھايىتى كۆركەم كۆرسىتىدۇ. يەر ئاستى قىسمى ئاساسەن

ئامانىساخاننىڭ جەسەت سۆڭىكىنى قويىدىغان شام گۆر بولۇپ، يەر يۈزىدىن ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك بېتون بىلەن قاتۇرۇلۇپ، 20 تۈۋرۈك پولات چىۋىقلىق بېتون تاختاي ئارقىلىق يېپىپ چىقىلغان. يەر ئاستى قەۋىتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈمبەز شەكىللىك شام گۆر چىقىرىلىپ، شائىرەنىڭ جەسىتىنى قويۇش ئۈچۈن راسلانغان. 1992 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئامانىساخاننىڭ جەسەت سۆڭىكى جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بۇ يېڭى قەبرىگاھقا يۆتكەپ قويۇلدى.

بىرىنچى قەۋەت پۈتكۈل قەبرىگاھنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، بۇ قەۋەتكە ئامانىساخاننىڭ قەبرىسى قوپۇرۇلۇپ، ئەتراپىنى ئايلانما كارىدوردىن كېيىن گۈللۈك نەقىشلىك پەنجىرە ۋە ئاستىدىن قۇيۇپ چىققان 20 تۈۋرۈك ئوراپ تۇرىدۇ. قەبرە ناھايىتى ئېسىل بېزەلگەن بولۇپ، نەقىشلىك پار ـ پۇر كاھىش ئىشلىتىلگەن. قەبرىنىڭ باش ۋە ئاياغ قىسمىغا «مۇقامشۇناس، شائىرە، مەلىكە ئامانىساخان» دېگەن خەت ئويۇلغان. قەبرە قوپۇرۇلغان ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا پەنجىرىلىك دېرىزە قويۇلغان بولۇپ، دېرىزە ـ ئىشىكلەرنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى ئويۇقچە دوسكىغا 12 مۇقامنىڭ ناملىرى، ھەربىر مۇقامنىڭ قانچە نەغمە، قانچە مىسرا ئىكەنلىكى يېزىپ قويۇلغان. ئايلانما كارىدورغا يولۋاس تېرىسى رەڭگىدىكى چىنە خىش ياتقۇزۇلغان. پەنجىرىلەرگە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان گۈللەر ئىشلەنگەن بولۇپ، شەكلى، نۇسخىسى ئەينى زاماندىكى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ دەۋرىدە ياسالغان نۇسخا تاللىنىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي پەنجىرىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتى تولۇق نامايان قىلىنغان. تۈۋرۈكلەرنىڭ ماتېرىيالى بېتون بولۇپ، بېزەك قىسمىغا چىدامىلىقىنى ئاشۇرىدىغان خىمىيىلىك بىرىكمىلەر قوشۇلغان گەجگە نەقىش ئويۇلغان. تۈۋرۈك بىلەن پەنجىرە ئارىلىقىدىكى سىرتقى ئايلانما كارىدورنىڭ ئاستىغا پارقىراق يولۋاس تېرىسى رەڭگىدىكى چىنە خىش ياتقۇزۇلۇپ، تورىسى ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان. ۋاسا جۈپنىڭ ماتېرىيالى بېتوندىن ياسالغان.

ئىككىنچى قەۋەتتى يۇقىرى قەۋەتتىكى گۈمبەزنى ئېگىش ئۈچۈن قوللىنىلغان قوشۇمچە قەۋەت بولۇپ، قەبرىگاھنىڭ ئىچىدىن قارىسا سەككىز بۇرجەكلىك، سىرتىدىن قارىسا تۆت بۇرجەكلىك كۆرۈنىدۇ. ئىچىگە چۈرۈدەپ نەقىش ئويۇلغان. سىرتىغا 16 دانە ئالتە بۇرجەكلىك قىسقا تۈۋرۈك قوپۇرۇلغان بولۇپ، تۈۋرۈك ئارىسىغا مېھراب چىقىرىلغان. تۈۋرۈك، مېھراب ۋە چاپلانغان كۆك رەڭلىك پار ـ پۇر كاھىشلار پۈتۈن ئىمارەتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ھەيۋەتلىك تۇس بەرگەن.

ئۈچىنچى قەۋەتتى گۈمبەز بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر 40 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى بەش مېتىر 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. گۈمبەزنىڭ سىرتقى قىسمىمۇ ئوخشاشلا رەڭلىك كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، 16 بۆلەككە بۆلۈنۈپ كۆڭگۈر چىقىرىلغان. گۈمبەز ئىچى گۈللۈك ئويما خىش بىلەن بېزەلگەن. گۈمبەز ئۈستىگە ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە قەبزەك چىقىرىل

غان، قەبرىگاھنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىگە پەلەمپەي چىقىرىلغان بولۇپ، پەلەمپەي ئارقىلىق بىرىنچى قەۋەتكە چىققىلى بولىدۇ.

قەبرىگاھنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى مەيدان ئاسفالت يول بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، دەرۋازا ۋە ئىككى تەرىپىگە 28 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆمۈر رىشاتكا ئورنۇتۇلغان.

بۇ ئىمارەت دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىرە، خانىش ئامانىسساخاننىڭ زامانىمىزدىكى ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق، نەققاشچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىنى، دەۋرىمىزدىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئانىسى 12 مۇقامنى ۋە ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئامانىسساخاندەك باتۇر، يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچى تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگەن مۇقام يۇرتىنىڭ شۆھرىتىنى دۇنياغا تونۇتىدۇ. ئامانىسساخاننىڭ يېڭىدىن قەد كۆرۈرگەن قەبرىگاھى ھازىر يىراق - يېقىندىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ساھاھەتچىلەرنىڭ تەۋەررۇك سەيلىگاھىغا ئايلىنىپ قالدى.

(ئاپتورنىڭ ئورنى: يەكەن خەلق رادىئو ئىستانسىسى)

---

(بېشى 37 ـ بەتتە)

7. مۇراد II (1421—1451)
8. فاتىخ سۇلتان مەخمەد (1451—1481)
9. بايازىد II (1481—1512)
10. ياۋۇز سۇلتان سەلىم (1512—1520)
11. كانۇنى سۇلتان سۇلايمان (1520—1566)
12. سەلىم II (1566—1574)
13. مۇراد III (1574—1595)
14. مەخمەد III (1595—1603)
15. ئەخمەد I (1603—1617)
16. مۇستافا I (1617—1618/1622—1623)
17. ئوسمان II (1618—1622)
18. مۇراد IV (1623—1640)
19. ئىبراھىم (1640—1648)
20. مەخمەد IV (1648—1687)
21. سۇلايمان II (1687—1691)
22. ئەخمەد II (1691—1695)
23. مۇستافا II (1695—1703)
24. ئەخمەد III (1703—1730)
25. ماخمۇت I (1730—1754)
26. ئوسمان III (1754—1757)
27. مۇستافا III (1757—1774)
28. ئابدۇلخەمىد I (1774—1789)
29. سەلىم III (1789—1807)
30. مۇستافا IV (1807—1808)
31. ماخمۇت II (1808—1839)
32. ئابدۇلمەجىد (1839—1861)
33. ئابدۇلئەزىز (1861—1876)
34. مۇراد V (1876—1876)
35. ئابدۇلخەمىد II (1876—1909)
36. مەخمەد رېشاد V (1909—1918)
37. مەخمەد ئاخىددىن VI (1918—1922)

(«تۈرك ۋە ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ 5 ـ تومىدىن ئېلىندى)

# قەدىرلىك بۇرادىرىم ئا. ئۆتكۈرگە:

تېيىپجان ھادى

سىلى ئارقىلىق ئائىلە تاۋابىئات ۋە بىزنى ياد ئەتكەن دوستلارغا سالام.

سالام بەئەدىندە يەتكۈزەرمىز: ئۆزلىرىنىڭ 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدە يازغان مەكتۇپلىرىنى ئادرېس سەۋەنلىكىدىن 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدە تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەت بىر ئاز كېچىكىپ تەككەنلىكى سەۋەبىدىن سىلى سورىغان ۋەقەلەرنى ئۆگىنىپ تەپسىلىيرەك جاۋاب يېزىشقا ۋاقىت ئۇزۇراپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈم بالدۇر ئۆگەنگەن ئەھۋاللار ئاساسىدا تۆۋەندىكىچە يېزىپ تۇردۇم.

يەركەت - چىڭ پادىشاھلىقىنىڭ چارروسىيىگە قىلغان ئىلتىماسىغا بىنائەن، چارروسىيە ئىلىغا كىرىپ ئىلى سۇلتانلىقىنى ئۆزىگە قارىتىپ 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن چىقىپ كېتىش مەزگىلىدە ئىلى خەلقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇپ قېلىشى ياكى ئىلىنىڭ غەربىدىن چارروسىيىگە بەرگەن زېمىنغا كۆچۈپ چىقىش ئىختىيارىي بېرىلگەنلىكتىن كۆپچىلىك چىقىپ كېتىشنى لايىق تاپقانلىقى ئۈچۈن 1881 - يىلىدىن 1883 - يىلى 15 - مارتقىچە 10 مىڭ 899 ئائىلە (50 مىڭ 55 جان) ئۇيغۇرلار يەتتە سۇ تەۋەلىكىگە كۆچۈپ چىقىپ كەتكەن ئەشۇ كۆچمەن خەلق تەرىپىدىن قۇرۇلغان شەھەرچە. يەركەت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئۇ يېزا (ناھىيە) بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن تا ھازىرغىچە رايون بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

غۇلجا شەھەر ئىچى ئادەملىرى چىقىپ يەركەت شەھىرىنى بىنا قىلغان. يېزا ئادەملىرى يەركەت ئەتراپىدىكى تەبىئىي بار سۇلارنىڭ بويلىرىغا ئورۇنلىشىپ غۇلجىدا قايسى يېزىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇ يەرگە چىقىپ ماكانلاشقاندىن كېيىن ئىلىدىكى ئەسلىي يۇرتلىرىنىڭ (يۈزلۈك يېزىلىرىنىڭ) نامىنى قويۇشۇۋالغان.

مەسىلەن، مېنىڭ ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىپ كەلگەن خۇلاسەم بويىچە، 1760 - يىلىدىن 1767 - يىلىغىچە جەنۇب ھەم شەرقىي شىنجاڭلاردىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن ئالتە مىڭ ئائىلىنى ئىلىدا 100 دىن 60 يۈز (يېزا) قىلىپ قۇرۇپ ھەربىر يۈزنىڭ نامىنى تۇنجى يۈز بېگىنىڭ نامى بىلەن ئاتاشقان. مەسىلەن، جېلىل يۈزى، موللا توختى يۈزى، قادىر يۈزى ۋە روزى مەتيۈزى دېگەنلەردەك. دېمەك ئىلىدا قايسى يۈز بولسا ئۇ يەردىمۇ بۇ يۈزلەرنىڭ بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدا (بۇ گەپ سەل ئوشۇقچە بولۇپ قالدى).

يەركەت، رۇسلار تەرىپىدىن پىلانلاپ بېرىلگىنى ئۈچۈن كوچىلىرى كەڭ (40 مېتىر)، ئۆيلىرى ھەر كىمنىڭ چامىسىنىڭ يېتىشىچە ياسالغان بولسىمۇ، ئەينەك دېرىزىلىك (ئىلىدا بۇ چاغلاردا تۈڭلۈك بولۇپ، سامان قەغەز چاپلىناتتى)، قورۇلۇق ئورنىمۇ چوڭ بولۇپ، مال قوتانلارنى

ياسىغاننىڭ سىرتىدا باغ ۋارانلىرىمۇ ئازادە
بولغان. شەھەر ئۆزۈنىغا 6 كوچا ئېلىنىغان
بولۇپ، ھەر تۆت قورۇلىق بىر كۋاراتال
قىلىپ يان يوللارمۇ خۇددى يۇقىرىقى ئۆل-
چەم بويىچە ئېلىنىغان.

ۋېلىباي يولداشوۋ 1882 ـ يىلى يەر-
كەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جۇڭگودىن خەنزۇ
ئۇستا ئالدۇرۇپ ھەشەمەتلىك بىر مەسچىت
سالدۇرغان. مەسچىت ئەتراپىدىكى كوچى-
لارغا چوڭ قوش ئىشىك ھەم يورۇق دەر-
پەرلىك قىلىپ ماگىزىنلارنى قۇرغان.

يەركەت ـ چېگرا بويىغا جايلاشقانلىقى
ئۈچۈن تېز تەرەققىي قىلغان ۋە خەلقنىڭ
ھال ئوقىتىمۇ چاپسان راۋاجلانغان. ئالۋاڭ
ياساقلاردىن خېلىلا خالى بولۇپ شىنجاڭدى-
كىگە نىسبەتەن ياخشى تۇرمۇش كۆچۈر-
گەن. يەركەتتىن كەلگەن، شۇ ياقتا كەم-
بەغەل ھېسابلانغان ئائىلىلەرمۇ بۇ يەردىكى
كەمبەغەللىكتىن ئۇ يەردە ناھايىتى كەڭ
كۇشادە تۇرمۇش كۆچۈرۈشكەنلىرىنى ھا-
زىرمۇ زوق بىلەن تىلغا ئېلىپ سۆزلىشى-
دۇ.

خەلقنىڭ شۇغۇللانغان ئىشى:

شەھەر ئاھالىسى تۇراقلىق ھەم قات-
ناش تىجارىتى، قاتناش تىجارەت دائىرىسى
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن
باشقا پېتىرگرات ھەتتا موسكۋاالارغىچە ۋە بۇ
تەرىپى شىنجاڭ ئىچىگىچە يەرلىك سانائەت
(قول ھۈنەرۋەنچىلىك) تىجارەت دائىرىسى
كەڭ ۋە مال ئۈچۈرى تۇرلۇك، كۆپ خىل
بولغان.

يېزا ئاھالىسى ئاساسەن دېھقانچىلىق،
چارۋىچىلىق ۋە قوشۇمچە ترانسپورت بىلەن
شۇغۇللانغان. ترانسپورت دائىرىسى شۇن-
چىلىك كەڭ ۋە راۋاجلانغانكى، ئەڭ كەم-
بەغەل دېھقاننىڭ ھېچ بولمىغاندا ئىككى
ئات ھارۋىسى بولغان. ئات ھارۋىلىرى ئەپ-
لىك، بەش ھارۋىنى بىرلا كىشى ھەيدەي-
دۇ. 14 گۇگۇسۇنلۇك ۋە تۆمۈر تارتىلغان
«يەركەت ھارۋىسى» دېگەن ھارۋىلار بو-
لۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم شىنجاڭغا تاتىن-
غان (بەلكىم بۇ ھارۋىلارنى سىلى شىلىڭ
شىسەي دەۋرىدە كۆرگەن بولۇشلىرى مۇم-
كىن).

ۋېلىباينىڭ دادىسىنىڭ ئىتى يولداش.
كەڭ تارالغان نامى «ۋېلىباي يولداشوۋ»
ئەسلىي يۇرتى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدى-
كى غالجات يېزىسى. (غالجات ئۆز ۋاقتىدا
ئىلىغا تەۋە ئىدى. كېيىن رۇسىيە تەرەپكە
ئۆتكەن).

ۋېلىباينىڭ دادىسى يولداش ئۆلۈپ
كەتكەندىن كېيىن ئانىسى غالجاتتىكى تو-
قىلەك يۇز بېگىگە ياتلىق بولغان. ۋېلىباي
تەخمىنەن 1835 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1916 ـ
يىلى 80 ياشتىن ئاشقاندا يەركەتتە ۋاپات
بولغان. ئۇ 20 ياشتىن ئاشقاندا غالجاتتىن
غۇلجىغا كۆچۈپ كىرىپ تىجارەت قىلغان.
(تەخمىنەن 1857 ـ يىللىرى) ئۇ غۇلجى-
دىكى ھاللىق كىشىلەرنىڭ تىجارىتىنى
باشقۇرۇپ كۆپ تەجرىبىگە ئىگە بولغان.
1871 ـ يىلى رۇسلار 3000 ئەسكىرىي
بىلەن ئىلىغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندا ئەسكەر
ھەم ئۇياقتىن كىرگەن پۈتۈن خىزمەتچىلەر
ۋە ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاقلىرىنىڭ يېمەك ـ
ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئىگەر ـ جاب-
دۇق، ھارۋا ـ ئات ۋە نېمە لازىم بولسا
شۇنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە كۆتۈرە ئالغان.
بۇنىڭدىن نۇرغۇن پايدا ئالغان، كۆپ پۇل-
لۇق بولۇشى بىلەن رۇسىيەلىكلەر ئالدىدا
ئىناۋىتىنى ئۆستۈرگەن.

1881 ـ يىلى رۇسىيە ئىلىنى چىڭ
ھۆكۈمىتىگە قايتا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە، ئى-
لى خەلقى ئۆزلىرى ئۇرۇش قىلغان چىڭ
ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىدا قالسا، قىساس ئا-
لىدىغانلىقىدىن قورقۇپ يەتتە سۇغا كۆچۈپ
چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان. چىڭ سۇ-
لالىسىغا سادىق بولۇپ ئۆتكەن ئەمەلدارلار

(يەرلىك) قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇڭا چاررۇسىيە چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن پۈتۈشكەن كېلىشىمدە «ئىلى خەلقىنىڭ ئىلىدا قېلىشى ياكى يەتتە سۇغا كۆچۈپ چىقىشى ئىختىيارىدا» دېگەن ماددىنى كىرگۈزگەن. ئاخىرى خەلق كۆچكەن. ئېچىنىشلىق كۆچ - كۆچ ناخشىلىرىنىڭ قوشاقلىرى تولا بولۇپ ۋېلىباينىڭ رولى توغرىسىدا:

ۋېلىباينى باي دەيدۇ،
باي قىلسا خۇدا قىلغان.
ئاتمىش مىڭ تارانچىنى،
ئىلىدىن جۇدا قىلغان.

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلار توقۇلغان.

ۋېلىباي يەركەتكە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىنمۇ، قازاقىستان زېمىنىدا تۇرۇشلۇق چاررۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ پۈتۈن تەمىناتىنى كۆتۈرە ئالغان ۋە ھېسابسىز بېيىغان. چار ھۆكۈمىتى ئۇنى كۆپلىگەن مىدال، ئوردېنلار بىلەن تار تۇقلىغان، ھەم پېتېرگراتتا پادىشاھ ئوردىسىدا ۋېلىباي يولداشوفقا ئالاھىدە ئورۇندۇق بەلگىلىگەن.

ۋېلىباينىڭ بويى ئېگىز، ھەرقانداق خەلق يىغىلغان توپتا خەلقتىن ئالايىتەن ئېگىز تۇرىدىغان، گەۋدىلىك ۋە ئۆز ئۇستىخىنىغا لايىق سىمىز، ئات يۈزلۈك خۇش چاقچاق ۋە كۆپ ھىممەتلىك، خەيرى - ساخاۋەتلىك كىشى ئىكەن. ياغاق باش بولغىنى ئۈچۈن «تاز» دەپ چاقچاق قىلىشىدىكەن.

ۋېلىباينىڭ خەيرىلىك ئىشلىرى كۆپ بولۇپ، يەركەت تەۋەسىدە قىلغان ئىشلىرىدىن باشقا ئىلى تەۋەسىدىكى مازارلاردىن توققۇز مازارنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك قىلىپ ياساتقان ۋە نۇرغۇن ئورۇنلارغا ياۋروپاچە ئىمارەتلەرنى سالدۇرغان. ھازىرقى ئىلى ھەربىي رايون قورۇسىدىكى ئىمارەتلەر مۇشۇ كىشى 1912 - يىللىرى ياساتقان ئىمارەتلەردۇر. (ئۇلگۇرەلمىدىم، ئاز كۈندە رەسىمىدىن بىر پارچە ئەۋەتىپ بېرەمەن).

جىرجىس ھاجىم - ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغان ياقۇببەگ (بى دۆلەت) نىڭ ئەڭ دانىشمەن مەسلىھەتچىسى ماھمۇت ھېكىمنىڭ ئوغلى.

جىرجىس ھاجىم 1900 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلىغا چىقىپ ئورۇنلاشقان ئىكەن ۋە مەرىپەتپەرۋەر مۇسا بايلار ئىلىدىن مەسئۇت سابىرى، مەخپىر ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، ئابدۇللا ئەپەندى، ئىبراھىم ئەپەندى (تارتقان) لارنى 1905 - يىلى تۈركىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەندە جىرجىس ھاجىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتكەن. ئۇلار 1914 - يىللىرى قايتىپ كېلىپ ئىلىدا ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. 1924 - يىلى دەرنەكنى قۇرغان ۋە مەكتەپ ئاچقان. شىڭ دەۋرىگە كەلگەندە مەسئۇت سابىرى ئىچكى ئۆلكە ئارقىلىق چەتكە كەتكەن. جىرجىس ھاجىممۇ 32 - 33 - يىللىرى ئىلىدىن ئۈركۈپ قۇمۇلغا بارغان ئىكەن، ئۇ يەردە قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى، بىزدىن كۆرە ئۆزلىرىگە مەلۇم. بۇ كىشىنىڭ كېيىنكى پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ قالساق ياخشى بولۇر ئىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندىم، سىلى خەتنى يازغىلى بىر ئايچە بولۇپ قاپتۇ. بەلكى تەقەززالىقتا بىزدىن ئاز - تولا رەنجىگەن بولۇشلىرىمۇ مۇمكىن، ئەھۋال يۇقىرىقىدەك بولغىنى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمەن. ئەگەر بۇ يازمىشلىرىمنىڭ ئۆزلىرىگە ئاز - تولا مەنپەئەتى تەگسىلا نەقەدەر خۇش بولاتتىم.

قالمىش خىزمەتلىرىگە قولۇم كۆكسۈمدە، ئەلۋەتتە.

ئىجادىيەتلىرىگە مۇۋەپپەقىيەت، قەلەملىرىگە راۋاجلىق تىلەپ ئىنىلىرى:

تېيىپجان ھادى.

1986 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

# چوقان ۋەلىخانوف ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭ تەتقىقاتى

پەخرىدىن ھىسامىدىن

چوقان چىڭغىزوۋىچ ۋەلىخانوف (1835 ـ 1865) ــ چارروسىيە دەۋرىدە ئۆتكەن قازاق مىللىتىدىن چىققان داڭلىق شەرقشۇناس. ئۇ قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا يۈزىدىكى ۋەلىخانوفلارنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆزىگە فامىلە قىلغان. دادىسىنىڭ ئىسمى چىڭغىز، تەخەللۇسى چوقان، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىسمى بولسا مۇھەممەت خاقانىيە. چوقان ۋەلىخانوف دەسلەپتە قازاقىستاندا، كېيىن ئومىسكىدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1953 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چارروسىيە قوشۇنىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. 1856 ـ 1857 ـ يىللىرى ئۇ ئالار كۆلى بويىدىن ئىسسىقكۆل بويىغىچە بولغان بىپايان زېمىن (جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى تەكشۈرگەن. 1858 ـ 1859 ـ يىللىرى يەنە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.①

چوقان ۋەلىخانوف ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىق جەھەتتىكى بۇ ياخشى شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى جەريانىدا شىنجاڭغا جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىغان ۋە بۇ ماتېرىياللار ئۈستىدە ئاز بولمىغان ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇ ئەنە شۇ شىنجاڭ تەتقىقاتىدىكى نەتىجىلىرى ئارقىلىق رۇسىيە ۋە دۇنيا شەرقشۇناسلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە. بىز بۇ ماقالىمىزدا چوقان ۋەلىخانوفنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى ئەمگەكلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىنى چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. چوقان ۋەلىخانوف ياۋروپا ئالىملىرى ئىچىدە شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى توغرىسىدا تۇنجى قېتىم ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن كىشى. ئۇ ئۆزىنىڭ شىنجاڭ سەپىرى توغرىسىدىكى ماقالىلىرىدا شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلۈشى، تاغ ـ دەريالىرى، ئۆسۈملۈك ـ ھايۋاناتلىرى، كىلىماتى، كان مەھسۇلاتلىرى، ئاھالىسى، شەھەرلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزى بىۋاسىتە تەكشۈرۈش جەريانىدا ئېرىشكەن ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتلار ۋە رۇسىيە يەر تۈزۈلۈش، خەرىتە ئامبىرىدا ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. ۋەلىخانوف شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيىسى جەھەتتىكى بۇ نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ئەينى ۋاقىتتىكى رۇسىيە ئىلىم ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىلمىي جەمئىيەت ــ «رۇسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى»نىڭ ئەزالىقىغا تاللىنىدۇ.②

2. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ شىنجاڭ تە-

ۋەسىدىكى تارىخىي مىراسلارنى بايقاش جەھەتتە كۆرسەتكەن خىزمىتى تېخىمۇ مۇھىم. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى ئىشنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. بىرى، چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قەدىمكى قولىيازمىلارنى بايقىشى. چوقان ۋەلىخانوف ئۆزىنىڭ شىنجاڭ سەپەرى جەريانىدا «تەزكىرەئى خوجىگان» (1768 ـ 1769 ـ يىللىرى يېزىلغان) ، «ساتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» ، «تۆغلۇق تۆمۈر» قاتارلىق بەزى قىممەتلىك قەدىمكى قولىيازمىلارنى بايقىغان.③

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ تارىخىي مىراسلارنى بايقاش جەھەتتە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىشى — ئۇنىڭ كۇچا مىڭ ئۆيىنى بايقىشى. چوقان ۋەلىخانوف ياۋروپا ئالىملىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ شىنجاڭدىكى بۇددىزىم يادىكارلىقى بولغان كۇچا مىڭ ئۆيى توغرىسىدا مەلۇماتقا ئېرىشكەن كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كۇچا مىڭ ئۆيلەرى ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنداق يازىدۇ: «نۇرغۇن ئۆڭكۈر بولۇپ، بىر ئۆڭكۈردە تاشتىن ئويۇلغان بۇت ھەيكىلى بار. بۇ قۇرۇلۇش تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.»④

3. چوقان ۋەلىخانوف ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئاساسلىق يەرلىك مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلورى ۋە ئېتنوگرافىيىسى جەھەتتىمۇ خېلى كۆپ ئىزدەندى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى ئۆزى تۈزگەن «ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مىساللىق لۇغىتى» گە كىرگۈزگەن⑤. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ شىنجاڭ سەپىرى توغرىسىدىكى ماقالىلىرىدا ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش، يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى، سەنئىتى ۋە ئېتىقادى توغرۇلۇق قىممەتلىك مەلۇماتلار بار.

يىغىنچاقلىغاندا، چوقان ۋەلىخانوف شىنجاڭ تەتقىقاتى جەھەتتە ھەقىقەتەن كۆپ ئىزدەنگەن چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن ماقالىلىرى ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى 1961 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بەش توملۇق «چوقان ۋەلىخانوف ماقالىلىرى توپلىمى» قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. بۇ ماقالىلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭ تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان ماقالىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ چەكلىكلىكى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ماقالىلار بەزى خاتالىقلاردىنمۇ خالى ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، ئاپتور «كاشغەر» ماقالىسىدە يەرلىك خەلقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ «ئۆز مىللىتىنىڭ شائىرى بولمىغاچقا، كىشىلەر مىر ئەلىشىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆگىنىدۇ»⑥ دەپ يازىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا قانچىلىغان داڭلىق شائىر، يازغۇچىلارنىڭ بولغانلىقى، جۈملىدىن بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پەخىرلىك شائىرى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. گەرچە چوقان ۋەلىخانوف ئەسەرلىرىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدەك بەزىبىر قىسمەن خاتالىقلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئەتراپلىقلىقى بىلەن ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. شۇڭلاشقا ھازىرمۇ ياۋروپا شەرقشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلىرىدا بىرىنچى بولۇپ يەنىلا چوقان ۋەلىخانوفنىڭ

ئەمگەكلىرىگە مۇراجەت قىلماقتا.

**ئىزاھاتلار:**

① «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىـ
رىدىكى شىنجاڭ (تارىخىي ئوچېركلار)»، «نا-
ئۇكا» نەشرىياتى، موسكۋا، 1988 ـ يىل نەش-
رى، رۇسچە، 17 ـ بەت.

② «رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ نە-
زىرىدىكى شىنجاڭ»، «نائۇكا» نەشرىياتى، ئال-
مۇتا، 1988 ـ يىل نەشرى، رۇسچە، 60 ـ
بەت.

③ ⑤ ⑥ «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە-
چىلىرىنىڭ غەربىي رايون ساياھەت خاتىرىلىرى»
، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرى-
ياتى، 1994 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 59 ـ
بەت، 58 ـ بەت، 79 ـ بەتلەر.

④ «چ. چ. ۋەلىخانوف ماقالىلىرى توپلى-
مى»، رۇسچە، 2 ـ توم، ئالمۇتا، 1962 ـ يىل
نەشرى، 112 ـ بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى ـ شىنجاڭ ئۇ-
نىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى)

---

# ھېكمەتلىك سۆزلەر

△ باغ ـ تاققا قوۋۇشماس، ئادەم ـ ئادەمگە قوۋۇشار.

△ قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىغان خۇدا، ھاسىدىن ئايرىماپتۇ.

△ دۈشمىنىڭگە ئۆلۈم تىلىگۈچە، ئۆزۈڭنىڭ ئۆمرىنى تىلە.

△ تېمى ئېگىز باغچىغا كانتۇ كىرەلمەيدۇ.

△ پادىشاھلار لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ، يىراقراق تۇرۇپ ئىسسىنساڭ بىر گەپ، بەك يېقىن بېرىۋالساڭ بىر يېرىڭنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ.

△ ئوتتۇرىدا قاڭشا بولمىسا، ئوڭ كۆز سول كۆزنى يەيمىش.

△ يېغى كەلسە ئەلنىڭ يېغىسى بىر بولۇر.

△ دۈمبىسى سۇر كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى بۆرى ئەمەس.

△ تۈكنى يېتىشىغا سىلىسا ئاساۋ ئاتمۇ يۇۋاشلاپ قالىدۇ.

△ قۇشنى دان ئالدايدۇ، ئادەمنى گەپ.

△ پادىشاھلىق ئەل بىلەن، تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.

△ دۆ غېرىبنى ئۇرار، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى.

△ دەردىنمۇ دەردمەن بىلۇر، ئاغرىقنى تارتقان بىلۇر.

△ مومايىنىڭ كۆزى غوزىدا، چاشقاننىڭ كۆزى كوزىدا.

△ دەريا بويىدا ئون يىل ياشىساڭمۇ تىمساھ بىلەن دوست بولالمايسەن.

△ چۈجىنىڭ شۈملۈقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق.

(ئا. ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدىن ئېلىندى)



لايدىن ياسالغان بۇتساتۋا

(سۈي تاڭ دەۋرى)



كىلاسسىك قولىيازمىلاردىكى مىنىاتورا



كىلاسسىك قولىيازمىلاردىكى مىنىاتورا



پىپا (بەربىت) چىلىۋاتقان ياغاچ قونچاق (تاڭ دەۋرى)



قوچۇ قەدىمكى بۇددا مۇنارى

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى.
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى شەرق شاملى يولى 14 ـ نومۇر
تېلېفون: 2822254 ئارقىلىق 68124. پوچتا نومۇرى: 830002
بۇ سان ژۇرنال 2000 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇن نەشردىن چىقتى
ئىچكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى نەشر قىلىش ئىجازەتنامىسى (JX)1281